

# شەرقى تۈركستان ئاۋازى



# DOĞU TÜRKİSTAN TÜRKLERİ TARİHİ

(Başlangıçtan 1878' e Kadar)

C. 1



Prof. Dr. Mehmet SARAY

DOĞU TÜRKİSTAN VAKFI
ARAŞTIRMA MERKEZİ

2. BASKI

# شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى

پەسىللىك ئىلمىي، ئەدەبىي ژورنال ( ئومۇمىي 59 - 60 - سان ) 2000 - يىل 9 - ئاي

قۇرغۇچىسى

ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن

باشقۇرغۇچى

شەرقىي تۈركىستان ۋەقپى باشلىقى

مۇھەممەد رىزا بېكىن

باش مۇھەررىرى : ئابدۇلجېلىل تۇران

تەھرىر ھەيئەتلەر

پروفېسسور، دوكتور مۇھەممەد ساراي

دوكتور مۇھەممەد ياقۇپ بۇغرا

پروفېسسور سۇلتان ماخمۇت قەشقەرى

ھامىد كۆكتۈرك

## مۇندەرىجە

شەرقىي تۈركىستان ۋە مۇستەقىللىق -

كۆرەشلىرى ........... مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا 2

كوناماۋزۇدا يېڭى مۇھاكىمە ..... ئەكبەر يامان 25

كۆكتۈركلەر..... پروفېسسور ئېرول گۈنگۆر 29

ۋەتەن شەۋقىدە ....... ئەھمەد توختى ھاجىم 39

ھىلىگەر ۋوزىر ........ ...........( ھېكايە ) 41

شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مۇلاھىزە

.......... .......... بىلگە تېكىن 45

كۆزدىنمۇ ، كۆڭۈلدىنمۇ يىراق خەلق -

ئۇيغۇرلار......... ............. جەيدا قاران 50

بىزنىڭ ئىلىمدارلىرىمىز ............... 59

قايغۇلۇق خەۋەرلەر ............... 62

شەرقىي تۈركىستان تەتقىقات مەركىزى نەشرى قىلدى

ADRES : Dedeefendi Cad. No. 4 Şehzadebaşı
34479 - İstanbul – TÜRKİYE
Tel. : 0212.519 46 67 Faks : 0212. 519 09 88

# شەرقىي تۈركىستان ۋە مۇستەقىللىق كۆرەشلىرى

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا

مۇھەررىردىن : بۇ ماقالە مەرھۇم لىدىرىمىز مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ 1963 - يىلى 4 ئاينىڭ 13 - كۈنى " تۈرك ئوچاقلىرىدا " تۈرك ئالىملىرى ئالدىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىلمىي لېكسىيەسى بولۇپ ، شۇ يىلقى شاپىگراپ باسمىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى . ماقالىدىكى سان - سىفىرلار بۇنىڭدىن 37 يىل بۇرۇنقى سان - سىفىرلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، ماقالە بۈگۈنگۈ يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە .

مۇھتەرەم ئەپەندىلەر ! بۈيۈك تۈركىستاننىڭ شەرق قىسمىنى تەشكىل قىلغان شەرقىي تۈركىستان ئۆلكىسى ، تۈرك دۇنياسىنىڭ شەرق تەرىپىنىڭ تۆگەنجىسى دېگەن بولمايدۇ . چۈنكى ئۇنىڭمۇ شەرقىدە ، چىن ئىچىدە ۋە سىبىرىيەنىڭ شەرقىدە يەنە بىر مۇنچە تۈرك ئايماقلىرى ياشىماقتا .

تۈركىيەدىن بەك ئۇزاق بىر مۇساپىگە ئورۇنلاشقان شەرقىي تۈركىستان جۇغراپىيىلىك يارىتىلىشىدا تەبىئىي توسالغۇلار بىلەن دۇنيادىن يىراق بولۇشى ۋە بىر ئەسىرگە يېقىن بىر زاماندىن بېرى سىياسىي جەھەتتىن بەختسىزلىككە مۇپتىلا بولۇشى بىلەن ، تۈرك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ سىرتىدا قالماقتا ۋە ئۇلارنىڭ بۇ يولدىكى ئىلمىي ئېھتىياجلىرىنى تەمىن قىلىش ئۈچۈن ، توغرا ياكى خاتا مەلۇمات بەرگەن يات مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ كەلگەنلىكلىرى ، ئەمما پەقەت قانائەت ھاسىل قىلالمىغانلىقلىرى مەلۇم بولماقتا . بۈگۈندىن ، بۇ ۋەتەننىڭ بىر پەرزەنتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ، ھاياتىم بويىچە يېقىندىن قىلغان تەدقىق ۋە تەھقىقلىرىم ئىچىدىن بەزى خۇلاسىلەرنى ھۇزۇرىڭىزلارغا سۇنماقچىمەن . بۇ ۋەسىلە بىلەن تۈرك زىيالىيلىرىغا بىر سوۋغا تەقدىم قىلالىسام ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايمەن . بۇ ماقالەم تۆۋەندىكى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ :

1 ) جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى ،

2 ) تارىخچە ،

3 ) كېيىنكى ئىككى ئەسىر ئىچىدىكى مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى .

## جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى

1 ) شىمال ، غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدىكى قوشنىلىرى بولغان غەربىي تۈركىستان ، ئافغانىستان ، كەشمىر ۋە تىبەتتىن دۇنيانىڭ ئەڭ ئېگىز ۋە ئەڭ كەڭ تاغ تىزمىلىرى بىلەن ، يۈزلەرچە كىلومېتىرلىق تەبىئىي توسالغۇلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. شەرق تەرىپىدە چىن ۋە موڭغۇلىستاندىن 500 كىلومېتىرلىق كەڭ بىر چۆل بىلەن ئايرىلىدۇ. دېمەك ، شەرقىي تۈركىستان ھېچبىر تۇتاش قوشنىسى بولمىغان بىر ئورتا ئاسىيا ئۆلكىسىدۇر .

ب ) 1.600.000 چاسا كىلومېتىر كەڭلىكتە بولغان بۇ ئۆلكىنىڭ ئاران ئۈچتە بىرىدە ئىنسان ياشىماقتا بولۇپ، ئۈچتە ئىككىسىنى ئىچ قىسىملىرىدىكى كەڭرى تۈزلەڭلەر قاپلىغان ئۈچ چوڭ چۆل بىلەن يۇرتنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان ۋە بەزى ئىچ قىسىملەردە ئورۇنلاشقان مۇزلۇق ، قارلىق تاغلار تەشكىل قىلماقتا . بۇيەرلەردە ئىنسان ياشاش مۇمكىن ئەمەستۇر . بولۇپمۇ تەكلىماكان چۆلى 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق بىر قۇم دېڭىزىدىن ئىبارەت بولۇپ ، ئىچىدە ھېچقانداق بىر جانلىقنىڭ ياشاش ئىمكانىيىتى يوقتۇر . بۇنى سۋېن ھېدىننىڭ سایاھەتنامىسىنى ئوقۇغان كىشى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ .

ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا مۇمكىن بولىدىغان تەخمىنەن ئۈچتە بىر قىسىم يەرلەر شۇلاردىن ئىبارەتتۇر :

1 - مۇزتاغلاردىن ئېقىپ كەلگەن دەريالار ۋە دەريالارنىڭ بويىدا قۇرۇلغان شەھەر ۋە كەنتلەر .

2 - بەزى تاغ ئېتەكلىرىدە يېتەرلىك مىقداردا يېغىن ياققان يايلاقلار.

كەنت ۋە شەھەرلەردە نوپۇس خېلى كۆپ بۇلۇپ ، ھەر بىر كۇۋادىرات كىلو مىتىر يەرگە ئورتا ھىساب بىلەن 60 كىشى توغرا كىلىدۇ . ياپلاقلاردا بولسا ، تەخمىنەن بىر دىن ئونغىچە ئىنسان ياششى مۇمكىن.

ج ) ئىسسىق ۋە سوغۇق دەرىجىلىرى ئورتا ۋە شەرقىي ئانا دولوغا ئوخشاشتۇر . ئەمما تۆت تەرىپى ئىگىز تاغلار بىلەن قورشالغانلىقتىن ئەتياز ۋە كۈز پەسىللىرى ئانادولودىكىدىن ئىسسىقراق ۋە ئۇزۇنراقتۇر .

يېغىن ئىگىز تاغلارغا كۆپ ، بوستانلىقلارغا بەك ئاز ياغىدۇ ۋە بىر يىللىق يېغىن مىقدارى ئورتا ھېساب بىلەن 10 سانتىمېتىردىن ئارتۇق بولمايدۇ .

د ) ئېرىلغۇ 90 % سۇغۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن بولىدۇ ، نامەلۇم زامانلاردىن بېرى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئېرىق ـ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرى ، يەرئاستى سۇلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن قېزىلغان كارىزلەر بۈگۈنكى مۇتەخەسسىسلەرنى ھەيران قالدۇرماقتا .

ئېرىم مەھسۇلاتلىرى ، نارەنجدىن باشقىسى ئانادولودا يېتىشتۈرۈلگەن مەھسۇلاتلار بىلەن ئوخشاشتۇر . ئەمما سۇغۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن بولغاچقا ، مەھسۇلاتنىڭ مىقدارى كۆپراق ، سۈپىتى ياخشىراق بولىدۇ .

ھ ) يەر ئاستى بايلىق جەھەتتە شەرقىي تۈركىستان دۇنيانىڭ ئەڭ باي ئۆلكىلىرىدىن بىرى بۇلۇپ ، ھەرخىل مەدەن جەۋھەرلىرىنى قوينىدا ساقلىماقتا . بىز ۋەتەندىكى كۈنلەردە بىر ـ بىرىدىن يىراق 13 يەردە نېفت تېپىلغانىدى . بۇلاردىن بىرى يىتەرلىك بولمىغان تېخنىك ئۇسۇلى بىلەن قىزىل چىن تەرىپىدىن ئىشلىتىلمەكتە . بۇرۇن سوۋىتلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ ، كېيىنچە قىزىل چىنغا ئۆتكۈزۈپ بىرىلگەن بۇ نېفت مەيدانىدىن 1958 ـ يىلى ئىچىدە 400 مىڭ تونا نېفت چىقىرىلغانلىقى مەلۇم بولىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن مەھسۇلاتنىڭ بىر قانچە ھەسسە ئاشقانلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ ، كۆپ مىقداردىكى نېفتنىڭ چىنغا يۆتكەلگەنلىكى بېيجىڭ رادىئوسىدا پات ـ پات ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ مىقدارى ئېنىق مەلۇم ئەمەس .

ئەڭ باي ئورانىيوم جەۋھىرىگە ئىگە بولغان پىتچ بىلەنت ( pitch bilent ) ماددىسى ئۈچ ئۆررۈندىن ۋە ۋولفرام جەۋھىرى ئىككى ئۆررۈندىن چىقىرىلماقتا. پىلاتىن، مولىبدىن ۋە باشقا رەڭلىك، قىممەتلىك مەدەنلەر ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك مەدەن جەۋھەرلىرى كۆپ مىقداردا باردۇر. بولۇپمۇ ئالتۇن مەدەنلەر، ئالتۇن ئورمان (موڭغۇلچە ئالتاي) تاغلىرى قاتارلىق پۈتۈن تاغلار ۋە دەريالاردىن چىقىرىلماقتا. پەقەتلا پىترول، ئورانىيوم ۋە ۋولفرام مەدەنلىرى يېڭى ئۇسۇل بىلەن ئىشلىتىلمەكتە بولۇپ، باشقا مەدەنلەر كونا، ئىپتىدائىي ئۇسۇل بىلەن ئىشلىتىلمەكتە ياكى ھېچ ئىشلىتىلمەستىن يەر ئاستىدا ياتماقتا.

ۋ) نوپۇس مەسىلىسى: بۇ ئۆلكىدە ھېچبىر زامان مەدەنىيەت دۇنياسىدىكى قائىدىگە مۇۋاپىق بىر نوپۇس ستاتىستىكىسى چىقىرىلمىدى. چىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 1912-يىلدىن بۇيان ئېلان قىلىنغان 6 خىل نوپۇس ستاتىستىكىسى مەۋجۇت بولۇپ، بۇنىڭدا 2.152.597 دىن 6.300.000 غىچە پەرقلىق ھالدا كۆرسىتىلمەكتە. بۇ سانلارنىڭ بەزىسى پۈتۈنلەي خىيالىي شەكىلدە چىقىرىلغان، بەزىسى ساقچى ئىدارىلىرى تەرىپىدىن ئائىلىگە مەجبۇرى تارقىتىلغان نوپۇس دەپتەرلىرىگە ئىسىملىرى يېزىلغان كىشىلەرنىڭ سانىغا كۆرە ئېلان قىلىنغان سانلاردىن ئىبارەتتۇر. بۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ ھەقىقى نوپۇس سانىنى كۆرسىتەلمەيدىغانلىقى ھەركىمگە مەلۇمدۇر. 1948-يىلى شەخسەن مېنىڭ تەشەببۇسىم بىلەن، ئەمرىم ئاستىدىكى يەرلىك مەمۇرلار تەرىپىدىن بىر نوپۇس ستاتىستىكىسى تەجرىبە قىلىنغاندى. بۇ تەجرىبە نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ 8، 9 مىليون ئەتراپىدا ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 90 مىڭ مۇسۇلمان (تۇڭگان)، 220 مىڭ بۇتپەرەس جەمئى 310 مىڭ چىنلىق ۋە 93 مىڭ موڭغۇل، مانجۇلار بار. بۇلاردىن باشقا پۈتۈن ئاھالە تۈرك مۇسۇلمان بولۇپ، پۈتۈن نوپۇسىنىڭ 97 % سىنى تەشكىل قىلىدۇ. تۈرك مۇسۇلمان ئاھالىسىنىڭ 94 % نى شەھەر ۋە كەنتلەردە ياشىغان تۈركلەر، قالغان 6 % سىنى كۆچمەن ھاياتتا ياشايدىغان قىرغىز، قازاق تۈركلىرى تەشكىل قىلىدۇ.

شەھەر ۋە كەنتلەردە ياشىغان تۈركلەرنىڭ قەدىمكى تارىخىدا ھېچقانداق بىر قەبىلە ئىسمى يوق بولۇپ، پەقەتلا تۈرك نامى بىلەن تونۇلۇپ كەلگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارغا ئۇيغۇر ئىسمى قويۇلىشى بولسا، ستالىن تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلگەن مەشھۇر مىللەتلەر سىياستى نىڭ نەتىجىسى بولۇپ، 1921 - يىلى تاشكەنتتە، غەربىي تۈركىستاندا ياشىغان شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن بىر نەچچە كىشىنى سوۋېت ھۆكۈمىتى چاقىرىپ مەجلىس ئاچقان. " ئۇيغۇر مۇنەۋۋەرلىرى يىغىنى " دەپ ئاتالغان بۇ ياسالما مەجلىستە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەھەر ۋە كەنتلىرىدىكى تۈركلەرگە ئۇيغۇر نامى مەجبۇرى قوبۇل قىلدۇرۇلۇپ، ئېلان قىلىنغانىدى. مانا مۇشۇ كۈندىن ئېتىۋارەن بۇ ئىسىم ئورتىغا چىقتى. ( بۈيۈك سوۋېت ئىنسىكلوپېدىسى 55 - جىلد، 720 - بەت. 1947 يىلى نەشرى )

ھالبۇكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي ۋىلايەتلىرىدە قەدىمكى زامانلاردا ياشىغان ئۇيغۇر قەبىلىسى مىلادىي 14 - ئەسىردە تامامەن مۇنقەرز بولغانىدى. ئۇ زاماندىن بېرى ئۇيغۇر ئىسمى بىلەن ئاتالغان ھېچبىر ئايماق شەرقىي تۈركىستاندا كۆرۈلمىگەنىدى. تۈرك ئىسمىدىن قورقۇپ، قەبىلە ئىسملىرىنى مىللەت ئىسمى قىلىش ئۈچۈن بۇقەدەر ھىلە ۋە قىين يولنى تۇتقان سىياسىي چۈشەنچىنىڭ ئويدۇرمىسى بولغان بۇ ئىسىم، ئەپسۇسكى، بىرقانچە ئىلمىي جەمئىيەتلەرگىمۇ ئېقىپ كىردى. بۇ ھەقتە تۆۋەندە، تارىخچە بۆلۈمدە تەپسىلى سۆزلىنىدۇ.

* *

## تارىخچە

مۇھتەرەم ئەپەندىلەر! شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا نىڭ ئەڭ ئاز 9 مىڭ يىل ھۆررۈن يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگەبولغان ئىنسانلار نىڭ ياشىغانلىقىنى ژاكۇسدۇ مورگان، پروفېسسور ئابىلرى، پروفېسسورئاندرە بىرتلوت ۋە زەفائىل پومپىللى قاتارلىق مەشھۇر ئالىملار ئارخېئولوگىيلىك دەلىللەر بىلەن ئىسپات قىلىشتى. ئەمما ئەپسۇسكى، مورگاننىڭ ئەپسۇسلىنىپ ئېيتقىنىدەك، ئېنىق بولغان بۇ قەدىمكى مەدەنىيەتنى تەپسىلي ئىزاھلايدىغان كەڭ ۋە چوڭقۇر قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش تېخىچە مۇمكىن

بولماي كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا نىڭ بۇ قەدىم تارىخى مىسىر ۋە ئىراق تارىخىدەك ئاشكارىلىنالماي تۇرماقتا .

شەرقىي تۈركىستاندىن فۇنلاكوك ، سېۋېن ھېدىن ۋە ئورېلشتاين قاتارلىق غەيرەتلىك تەتقىقاتچىلار ھېساپسىز ئارخېئولوگىيىلىك نەرسە كېرەكلەرنى قولغا كەلتۈردى ۋە ستوكھولم ، بېرلىن ۋە يېڭى دېھلى قاتارلىق مەركەزلەردە بۇ نەرسە كېرەكلەر ئۈچۈن مەخسۇس مۇزېيلەر قۇردى . لېكىن ، بۇلارنىڭ ھامان ھەممىسى كېيىنكى ئىككى مىڭ يىلغا ئائىت نەرسىلەر بولۇپ ، تەتقىقاتىمىز بولغان كونا تارىخىمىزنى يورۇتۇپ بېرەلمەيدۇ . چۈنكى مەزكۇر كىشىلەرنىڭ ئىزلەنمە ۋە قازما يەرلىرى بىزگە مەلۇمدۇر . بۇلار يەر ئۈستى ياكى بەك چوڭقۇر بولمىغان تۇپراق ئاستىدىن ئىبارەتتۇر . بۇ كىشىلەر بولۇپمۇ چۆللەرنىڭ ئىچكى قىسىملىرىدا ھېچقانداق بىر قېدىرىش ئىشى ئېلىپ بارمىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ مەسىلىنى بۇ يەردە قويۇپ تۇرۇپ ، ئازراق ياكى تامامەن بىلىنگەن تارىخ دەۋرلىرىگە ئۆتىمىز .

دەسلەپ قىلىپ ، ئىلىم نۇرى بىلەن تېخى تولۇق روشەنلەشمىگەن بولسىمۇ ، مەۋجۇت ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شەك - شۈبھە بولمىغان ئەڭ قەدىمكى بۈيۈك تۈرك دۆلىتى دەۋرى توغرىسىدا قولىمىزدىكى دەلىللەرگە ئاساسلىنىپ بىرئاز تەتقىق قىلماقچىمىز .

ھىرودوت ۋە باشقا غەرب مەنبەلىرىدە " ئىسكىت " ، ئىران مەنبەلىرىدە " تۇران " ۋە ھىندىستان مەنبەلىرىدە " ساكا " بەزىلىرىدە " تۇرۇشكا " ناملىرى بىلەن ئاتالغان بۇ ئۇلۇسنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ياۋرۇپا ، ئورتا ۋە شىمالىي ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك بىر دۆلىتى بارئىدى . دۆلەتنىڭ مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇنقى چاغلار دىن بېرى مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە ئائىت " ئاۋۇستا " دا ئېنىق مەلۇمات بار.

" تۇران " كەلىمىسىنىڭ " تۈرك " كەلىمىسىنىڭ كۆپلۈكى ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شەك - شۈبھە بولمىغىنىدەك ، " تۇرۇشكا " كەلىمىسىنىڭمۇ " تۈرك " كەلىمىسىنىڭ سانسكرىتچە قوللىنىلىشى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم . " كانىشكا " سۆزىنىڭ ئەسلى

" قېنىق " بولغىنىغا ئوخشاش ، قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئۇلۇسنىڭ تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شۈبھە يوقتۇر .

بۇ دۆلەت بىلەن ئىران ئارىسىدا يۈزبەرگەن تۆۋەندىكى ئىككى ۋەقەنى ھېرودوت ۋە باشقا قەدىمكى تارىخچىلار قەيت قىلىشىدۇ ۋە بۈگۈنكى ئىلمىي تەتقىقاتچىلار بۇنى تارىخىي ۋەقە دەپ قارىماقتا . بۇ ۋەقەنىڭ بىرىنچىسى : ئىسكىت ۋە ئىرانلىقلارنىڭ تۇران خاقانى مىلادىدىن بۇرۇنقى 653 - يىلى ئىرانغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇيەردىكى مەد خانىدىن بولغان پادىشا كىئەخسارنى مەغلۇپ قىلىپ ، ئۆزىگە بويسۇندۇردى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئىراقتىكى ئاسۇر دۆلىتىنى بويسۇندۇرۇپ ، ئاق دېڭىز بويىغىچە ئىلگىرىلىدى . 28 - يىل داۋاملاشقان بۇ ئىستىلا دەۋردە ئارقا - ئارقىدىن يۈزبەرگەن سوقۇش ۋە ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىن خاقاننىڭ قوشۇنلىرى ئاجىزلىشىشقا يۈزلىنىپ ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 625 - يىلى قوشۇنلىرىنى ئېلىپ تۈركىستانغا قايتىپ كەتتى . ئىككىنچى ۋەقە : ئىراننىڭ ئاخامىشلەر خانىدانىدىن پادىشاھ ئىككىنچى قۇراش ( كەيخىسراۋ ) مىسىر ، غەربىي ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيانى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 546 - يىلى تۇران ئۆلكىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى . 5 يىل داۋام قىلغان نەتىجىسىز ئۇرۇشتىن كېيىن ، تۇران خانى ئالىپ ئەرتۇڭا ( ئىران مەنبەلىرىدە ئافراسىياپ دېيىلىدۇ ) يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بىر ئىرانلىق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن تۇران قوشۇنلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ، پاراكەندە بولىدۇ ۋە تۈركىستاننىڭ غەرب قىسمى سىردەرياسى بويىغىچە ئىران ئىستىلاسى ئاستىغا چۈشىدۇ. تۇران مەلىكىسى تۇمۇرسى كۈچىنى توپلاپ ۋەتىنىنىڭ شەرق قىسمىنى ئىستىلادىن قوغداپ قالىدۇ .كەيخىسراۋ ئۆلگەندىن كېيىن تۈركلەر مۇستەملىكە ئاستىدىكى ۋەتەن تۇپراقلىرىنى قۇتقۇزىدۇ .

مىلادىدىن بۇرۇنقى 332 - يىلى بۈيۈك ئىسكەندەر تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىپ ، سىردەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى ، پەقەت سىردەرياسى بويىدا تۈركلەر بىلەن بولغان ئالتۇنقان مەيدان سوقۇشىدا ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنى زور چىقىمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ، ئالغا باسالماي قايتىپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيىتى ساقلاپ قېلىندى .

بۇندىن كېيىن ، تېخى بىزگە مەلۇم بولمىغان ۋەقەلەر سەۋەبى بىلەن بۇدۆلەتنى تەشكىل قىلغان ئاساسىي كۆچمەنلەر ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ . چۈنكى بۈيۈك بىر تۇران مۇھاجىرلەر جامائىتى ھىندىستانغا بېرىپ ، ئۇيەردە " ساكا " دۆلىتى ئاتلىق بۈيۈك بىر دۆلەت قۇردى . يۇرتتا قالغانلار بولسا ، قەدىمكى بۈيۈك دۆلەتنىڭ ئورنىغا بىرمۇنچە مۇستەقىل كىچىك دۆلەتلەرنى قۇردى . مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە تۈركىستاندا 55 مۇستەقىل كىچىك دۆلەت بارلىقى مەلۇم .

## ئۈچۈنچى مەلۇم بولغان تارىخ دەۋرلىرى

شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇ دەۋرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلدىن باشلىنىدۇ . ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئۇزۇن زامانلاردىن ئىبارەت بولغان بۇدەۋرلەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر قانچە جىلد كىتاب بولغۇدەك دەرىجىدە كۆپ ۋە خىلمۇ خىلدۇر . بۇ قىسقا ماقالىمىزدە بۇ ھادىسىلەرنىڭ ئارانلا بىر مۇندەرىجىسىنى تەقدىم قىلالايمەن . بۇ دەۋرلەرنىڭ بىرىنچىسى ، تۈركىستاننىڭ ھون خاقانلىقىغا قوشۇلۇش دەۋرىدۇر. بۇ يەردە ئەسلى مەسىلىگە كىرىشتىن بۇرۇن شۇلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش لازىم . « ھون » كەلىمىسى ، رەھمەتلىك ھۈسەيىن ئامىق ئورخۇن ۋە باشقا ئىلىم ئەربابلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا ، ياۋرۇپاچە بىر تەلەپپۇز شەكلى بولۇپ ، تۈركچە تەلەپپۇزى « قون » دۇر ، ئادەم دېمەكتۇر . ھەقىقەتەن شەرقىي تۈركىستاندا " ئىل كۈن " سۆزى بار بولۇپ ، " يۇرت ۋە خەلق " مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ . موڭغۇلچە ئىنساننى " كۈن " دەيدۇ . بۇلارنىڭ " قون " كەلىمەسىنىڭ ئىنچىكىلەنگەن شەكلى بولىشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر .

قون دۆلىتىنىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقى ھازىرچە مەلۇم ئەمەس بولسىمۇ ، لېكىن تارىخ كىتابلىرىدا بۇ دۆلەت ھەققىدىكى مەلۇمات مىلادىدىن 1767 يىل بۇرۇنقى زاماندىن بېرى قەيت قىلىنماقتا .

تۈركىستاندا قۇن خاقانىنىڭ ئۈستۈن ھاكىمىيىتى مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇن قۇرۇلدى . شۇ يىلدىن باشلاپ تۈركىستاندا 36 يەرلىك ھۆكۈمدار قۇن خاقانىنىڭ ھۆكمى ئاستىغا كىردى ۋە بۇنىڭ بىلەن بۈيۈك قۇن تۈرك خاقانلىق دۆلىتى چىن دېڭىزىدىن قارا دېڭىز بويىغىچە كېڭەيدى . بۇمۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە بولغان قەھرىمان خاننىڭ ئىسمىنى چىنلىقلەر " ماۋتۇن " دەپ تەلەپپۇز قىلسىمۇ ، دەكرۇت ، ھىرت ۋە ھۈسەيىن نامىق ئۇرخۇن بۇ كەلىمەنىڭ تۈركچە ئەسلى تەلەپپۇزىنىڭ " باغاتۇر " ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلدۇ . ( بۇھەقتە ھۈسەيىن نامىق ئۇرخۇننىڭ " ھونلار " ناملىق كىتابىنىڭ 18 - بېتىگە قاراڭ . )

تۈركىستان قۇن خاقانلىقى ھىمايىسى ئاستىدا ( بىرىنچى قېتىمدا ) 98 يىل خاتىرجەم ياشىدى . مىلادىدىن بۇرۇنقى 108 - يىلى تۈركىستان بىرىنچى قېتىم چىن تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى ۋە 22 يىل داۋام قىلغان قانلىق سوقۇشلەردىن كېيىن ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 86 - يىلى يەنە قايتا قۇن خاقانلىقىنىڭ بايرىقىغا ئېرىشتى . بۇ قېتىمقى قۇن ھىمايىسى دەۋرى 26 يىل داۋام قىلدى .

قۇن دۆلىتىنىڭ ئىككىگە ئايرىلىشى بىلەن چىققان ئىچكى سوقۇشلەردىن چىنلىقلەر پايدىلىنىپ ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى تۈركىستاننى بېسىۋالدى ۋە بۇ ئىستىلا دەۋرى 49 يىل داۋام قىلدى .

مىلادىدىن بۇرۇنقى 10 - يىلى قۇن دۆلىتى غالىپ كېلىپ تۈركىستاننى قۇتقۇزدى ۋە بۇ دەۋردە تۈركىستان 83 يىل قۇن بىرلىكى ئىچىدە ياشىدى . مىلادىنىڭ 74 - يىلىدا قۇن ۋە چىن قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن بارىكۆل مەيدان سوقۇشىدا قۇن قوشۇنىنىڭ يېڭىلىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇپ ۋە شەرق قىسىملىرى چىن مۇستەملىكىسى بولۇپ قالدى . بۇقېتىمقى چىن ھاكىمىيىتى 30 يىل داۋام قىلدى . مىلادى 103 - يىلى يەرلىك ھۆكۈمدارلار چىن ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى . بۇمەزگىلدە ئىستىقلالىدىن ئايرىلىپ قالغان قۇن خانلىقىنىڭ تۈركىستاندىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەندى .

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن 308 يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قۇن بىرلىكى ئىچىدە ياشىغان ئۆچ دەۋرى 207 يىل ، چىن ئىستىلاسىغا ئۇچرىغان ئۆچ دەۋرى بولسا، 101 يىل بولىدۇ .

بۇ ئۈچ ئەسىر ئىچىدە تۈركىستانلىقلار چىنلىقلاردىن يىپەكچىلىك ، قەغەزچىلىك ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىپ تەرەققىي قىلدۇردى . چىنلىقلارمۇ تۈركىستانلىقلاردىن ئۈزۈم ، پاختا ، بېدە ۋە باشقا بىرنەچچەخىل زىرائەت تېرىشنى ۋە بىرنەچچە مۇزىكا ئالەتلىرىنى چېلىشنى ئۆگەندى .

مىلادى 103 - يىلقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق دەۋرى 48 يىل داۋام قىلدى . چىن تارىخى مەنبەلىرىگە قارىغاندا بۇدەۋردە تۈركىستان بىلەن چىن ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولمىدى ۋە نورمال تىجارەت داۋام قىلدى .

شۇندىن كېيىن ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتىشەھەر قىسمىنىڭ قۇشخان تۈرك خانلىقىغا قوشۇلۇش دەۋرى باشلىنىدۇ . مەلۇمكى ، قۇن خاندانى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى بولمىغان " ياۋچى " ئاتلىق بىر تۈرك ئايمىقى مىلادى 1 - ئەسىر ئىچىدە غەربىي تۈركىستاندا ئامۇ دەرياسى بويىدا ئايرىم بىر تۈرك دۆلىتى قۇرغاندى ۋە خاندانى " قۇشخان " نامى بىلەن ئاتالغانىدى . بۇ دۆلەت كېيىنچە كەڭرىپ بۈتۈن غەربىي تۈركىستان ، ئافغانىستان ۋە غەربىي ھىندىستاننى ئۆزئىچىگە ئالغان بۈيۈك بىرئىمپىراتورلۇق ھالىغا كەلدى . بۇدۆلەتنىڭ ئەڭ مەشھۇر قەھرىمان خاقانى بولغان قانىك مىلادى 150 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتىشەھەر قىسمىنى ئۆزھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى . بۇ خاقاننىڭ ئىسمىنى سانسكرىتچىدە " كانىشكا " ، يۇنانچىدا " ھۇ ئىركىس " دەپ يازغان بولسىمۇ ، بىرۇنى " قانىق " دەپ يازىدۇ . بىز تامامەن تۈركچە بولغان بۇ شەكلىنى قوبۇل قىلساق توغرا ھەرىكەت قىلغان بولىمىز ، دەپ قارايمىز .

بۇ دەۋردە شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى . كېيىن ھىندىستاندىن قوغلانغان بۇددا دىنى ئالىملىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋە كۇچا شەھەرلىرىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە بۇ يەرلەردىن دىنلىرىنى چىن ۋە تىبەتكە تارقاتتى .

شەرقي تۈركستاننىڭ ئالتىشەھەر قىسمىنىڭ مىلادى 220 - يىلى قۇشخان دۆلىتىدىن ئايرىلىپ ، يەرلىك ھۆكۈمدارلارنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقى مەلۇم . بۇ مۇستەقىللىق دەۋرىنىڭ 140 يىل داۋام قىلغانلىقى ئېھتىمالغا بەك يېقىندۇر . چۈنكى 360 - يىلى يۈزبەرگەن سيانپي ئىستىلاسى ۋەقەسىگە قەدەر ئىستىقلالنى زەخىملەندۈرگەن ھېچقانداق بىر ۋەقە تارىخلاردا كۆرۈلمەيدۇ . مانجۇلارنىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا ، سيانپىلار مانجۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمىش . سيانپىلار مانجۇرىيە ۋە موڭغۇلىستاندا قۇن خانلىقىنىڭ ئورنىنى ئالغان بىر دۆلەت قۇرغانىدى . مىلادى 360 ۋە 390 - يىللىرى ئارىسىدا شەرقي تۈركستاننى ئۆز ھاكىمىيتى ئاستىغا ئالغانىدى . شۇندىن كېيىن 57 يىل داۋام قىلغان بىر مۇستەقىللىق دەۋرى كەلدى . مىلادى 448 - يىلى شەرقي تۈركستاننىڭ شەرق قىسمى چىننىڭ شىمالىدىكى توپا تۈرك خانلىقىغا ۋە 460 يىلى شىمالى ئاسيادىكى ئاۋار تۈرك خانلىقىغا قوشۇلدى . غەرب قىسمى بولسا ، 470 - يىلى غەربي تۈركستان ۋە ئافغانىستاندىكى ئاق قۇن خانلىقىغا تەۋە بولدى . مىلادى 500 - يىلى ئاق قۇن دۆلىتىنىڭ غەربي تۈركستاندىن ئاۋارلار تەرىپىدىن سۈرۈپ چىقىرىلىشىدىن كېيىن ھەر ئىككى تۈركستان ئاۋار ھاكىمىيتى ئاستىغا كىردى .

## كۆك تۈرك خاقانلىقى دەۋرى

كۆكتۈرك خاقانلىقىنى قۇرغان بۇمىن قاغان مىلادى 552 - يىلى ئاۋار دۆلىتىنى مۇنقەرىز قىلغاندىن كېيىن 555 - يىلىدا پۈتۈن تۈركستان ھۆكۈمدارلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى . بىرىنچى كۆكتۈرك دۆلىتى 89 يىل ھۆكۈم سۈردى ، بۇمۇددەت ئىچىدە تۈركستان بۇ دۆلەتنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تىنچلىق ۋە راھەت ئىچىدە ياشىدى .

مىلادى 640 - يىلى باشلانغان تۈرك - چىن ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن ، 659 - يىلى كۆكتۈرك خانلىقى يىقىلغاندىن كېيىن ، 660 - يىلى شەرقي تۈركستان چىن ئىستىلاسىغا ئۇچرىدى .

ئەمما 10 يىلدىن كېيىن تىبەتلىكلەر چىنلىقلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ، خوتەن ، يەركەن ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىرىنى ئىشغال قىلدى . شەرقي تۈركستاننىڭ شىمال قىسمى بولسا

، ئۆتەرەپتە قۇرۇلغان تۈركەش ئىسمىدىكى تۈرك دۆلىتىنىڭ غەيرىتى بىلەن 690 - يىلى چىن ئىستىلاسىدىن قۇتقۇزۇلدى . كۇچا ، قاراشەھەر ، قۇچۇ ( تۇرپان ) ۋە قۇمۇل شەھەرلىرى بولسا ، 699 - يىلى 2 - كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ خاقانى قاپاغان قاغاننىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلدى . بۇ قېتىمقى كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۈستىدىكى ھاكىمىيىتى ئاران 17 يىل داۋام قىلدى . چۈنكى تۈركەش تۈركلىرىنىڭ باشلىقى بولغان سۇلۇقاغاننىڭ 716 - يىلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان تۈركەش دۆلىتىنىڭ ئىدارىسى ئاستىغا كىردى .

738 - يىلى تۈركەش دۆلىتىنىڭ ئىچىدە يۈزبەرگەن قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ، چىنلىقلەر تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى . نەتىجىدە 744 - يىلى بۇ دۆلەت يىقىلدى ۋە شەرقىي تۈركىستان چىن ئىستىلاسى ئاستىغا ئۆتتى . بۇ تاجاۋۇز چىلىقتىن قۇرتۇلۇش ئۈچۈن تۈركلەر غەربىي تۈركىستاندىكى ئىسلام ئەرەب خەلىپەت قوشۇنلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى . ياردەمگە كەلگەن ئەرەب قوشۇنى بىلەن تۈركلەر بىرلىشىپ ، مەشھۇر تالاس مەيدان سوقۇشىدا چىن قوشۇننى يوق قىلىپ ، 751 - يىلى ۋەتىنىنى قۇتقۇزدى . بۇ غەلىبىدىن كىيىن شەرقىي تۈركىستان 1008 يىل چىن تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىماي ياشىدى .

بۇ غەلىبىدىن كىيىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمال قىسمىدا قارلۇق تۈركلىرى كۈچلۈك بىر دۆلەت قۇردى . جەنۇب قىسمىدا بولسا ، ئۇزۇندىن بىرى داۋام قىلىپ كەلگەن يەرلىك كىچىك خانلىقلار ئايرىم - ئايرىم مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ ياشىدى . بۇ كىچىك دۆلەتلەر تەخمىنەن 10 دۆلەت بولغانلىقى مەلۇم . قاراخانىلار دۆلىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى 100 يىلدىن ئارتۇق بولغان بۇ مۇددەت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا تۆۋەندىكى ئۈچ ۋەقە يۈزبەردى

بىرىنچى : 8 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا خوتەن خانى چىنغا ھۇجۇم قىلىپ ، گەنسۇ ئۆلكىسىنى بويسۇندۇردى . بۇۋەقەنى تارىخقا قەيت قىلغان ئابىدىسى دۇنخۇاڭ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ھازىرمۇ قەدكۆتۈرۈپ تۇرماقتا .

ئىككىنچى ۋەقە : مىلادى 800 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇب قىسمى ئىككىنچى قېتىم تىبەت قوشۇنىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىدى ، بۇ 21 يىل داۋام قىلدى .

ئۈچىنچى ۋەقە : بۈگۈنكى موڭغۇلىستاندا كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ يىقىلىشىدىن كېيىن ، بۈيۈك بىردۆلەت قۇرغان ئۇيغۇر دۆلىتى قىرغىز قوشۇنى تەرىپىدىن مىلادى 840 ـ يىلى يىقىلغاندىن كېيىن ، ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ كۆپلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرق قىسمىدىكى قۇمۇل ، بەش بالىق ( ئۈرۈمچى ) ، قوچۇ ( تۇرپان ) ۋە مىڭلاق شەھەرلىرىگە كىلىپ يەرلەشتى ۋە ئۇيەردە مىلادى 848 ـ يىلى كىچىك بىر دۆلەت قۇردى .

## تۈركىستاننىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان قاراخانىلار ھەققىدە

قاراخان ( ئەرەپچە ئاتىلىشى خاقان ) لەر دەۋرى بۆكەخان ناملىق قەشقەر ھۆكۈمدارىنىڭ مىلادى 880 ـ يىلى باشقا خانلارنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ ، بىرمەركەز دۆلەتكە باغلىشى بىلەن باشلىنىدۇ . بۇندىن كېيىن قارلۇق ، ئوغۇز ، چىگىل ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنى ئۆزھاكىمىيتى ئاستىغا ئالدى ۋە كەڭرۇ بىر تۈرك ئىمپىراتۇرلىقىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ ، " قاراخان " ئۇنۋانىنى ئالدى . گەرچە بەزى چىن تارىخچىلىرى قاراخانلەر خاندانىنىڭ قارلۇق قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىسمۇ ، ئۇزاماندىن قالغان مىللى ئەسەرلىرىمىز بۇنىڭ يالغانلىقىنى ۋە بىزنىڭ يۇقىرىقى دەلىلىمىزنى ئىسپاتلىماقتا .

قاراخانىلار دۆلىتى تامامەن مۇستەقىل ۋە كۈچلۈك بىر خانلىق ھالىتىدە 255 يىل ھۆكۈم سۈردى . بىز بۇيەردە بۇدۆلەتنىڭ تارىخىمىز دىكى ئۇلۇغلۇقى ، كۈچى ۋە مەدەنىيتىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم ۋەقەلەردىن پەقەت 3 نىلا زىكىر قىلىپ ئۆتىمىز :

1 ـ ھىجرى 320 ـ يىلى ، مىلادى 932 ـ يىلى بۇدۆلەتنىڭ ياش خاقانى سۇتۇق بۇغرا قاراخان ئۆزئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭ دەۋىتى ۋە غازاتلىرى سايەسىدە شەرقتىكى تۈركلەرنىڭ كۆپ قىسمى شامان ، بۇددا ۋە مانى دىنىدەك بۇتپەرەستلىك دىنلىرىدىن قۇتۇلۇپ ، مۇسۇلمان بولدى .

2 ـ سۆتۆق بۆغراخاننڭ نەۋرسى هارۆن بۆغراخان هجرى 384 ـ ، ملادى 994 ـ يلدا سامانلار دۆلتنى يوقۆتۆپ ، غەربي تۆركستاننى خاقانلقىها قوشتى .

3 ـ تۆرك تللنڭ ۋە ئالي مەدەنيتننڭ ئابدە لرى بولغان تۆركى تللار دىۋانى ، قۆتاتغۆ بلككە ئوخشاش تۆركچە ئەسەرلەر ۋە سانسزلغان ئەرەپچە هەدس ، تەپسر ، پقهى كتابلرى ۋە باشقا پەن كتابلرى بۆ دەۋردە يېزلدى .

قاراخانلار دۆلتى ملادى 1048 ـ يلى نككگە ئايرلپ ، برى ئەسلى پايتەختى بولغان قەشقەردە ، يەنەبرى سەمەرقەن شەهرىدە مەركەز قۆرۆپ ، نككى دۆلەت هالغا كەلگەن بولسمۆ ، ئارلرىدا سوقۆش بولغانلقى هەققدە تارىخ كتابلرىدا برەر رىۋايەت يوق هەمدە قەشقەردكى قاراخان رەسمىيەت جەهەتتە ئۆستۆن ئدى .

قاراختاي دەۋرى : شمالي چندا قتاي ئسملق بر تۆرك ئايمقى تەرپدن قۆرۆلغان بردۆلەت بارئدى . كېينكى كۆنلەردە بۆ دۆلەتنى تەشكل قلغان قەبللەر ئارسدا ئچكى سوقۆش چقپ مەغلەپ بولغان قەبللەر شەرقي تۆركستانغا هجرەت قلپ يەرلەشكەندى . بۆلار قاراقتاي ( غەربي قتاي ) دەپ ئاتالغاندى . هجرى 530 ـ ، ملادى 1134 ـ يلى قاراقتايلارنڭ بگى نۆسى قاراخانغا قارشى ئسيان قلپ شەرقي تۆركستاننى بويسۆندۆرۆپ ، پەقەتلا قاراخاننى تەختدن چۆشۆرمەستن ، قورچاق بر هۆكۆمدار هالغا كەلتۆرۆپ ، ئۆرندا قويدى ۋە ئۆزى گورخان ئۆنۋاننى ئالدى . گورخان 3 يل كېين غەربي تۆركستاننمۆ بويسۆندۆرۆپ ، سەمەرقەن قاراخاننى قورچاق هالغا كەلتۆرۆپ ، ئدارنى قۆلغا ئالدى . قاراقتاي دۆلتى هجرى 615 ـ ، ملادى 1217 ـ يلغچە هۆكۆم سۆردى ۋە موڭغۆللار تەرپدن يوق قلندى .

موڭغۆل دەۋرى : چنگزخان هجرى 616 ـ ، ملادى 1218 ـ يلى شەرقي تۆركستاننى ۋە بر يل كېين غەربي تۆركستاننى ئشغال قلدى . ئۆننڭ جاهانگرلك هەركەتلرى هەركمگە مەلۆمدۆر .

چىنگگىزخان ئۆلۈشتىن بۇرۇن كەڭ زېمىننى تۆت ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەندى . شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا تەقسىم بولغاندى . ھىجرى 625 - ، مىلادى 1228 - يىلىدا باشلانغان چاغاتاي خاندانى دۆلىتى ھىجرى 771 - ، مىلادى 1369 - يىلغاقەدەر ھەرئىككى تۈركىستاننى بىرمەركەزدىن ئىدارە قىلدى . مەزكۇر تارىختا مەشھۇر تۆمۈربەك ( ئەمىرتۆمۈر ) غەربىي تۈركىستاندا مەلۇم دۆلەتنى قۇرغاندىن كېيىن ، چاغاتاي خاندانىنىڭ ئىدارىسىدا پەقەت شەرقىي تۈركىستانلا قالدى . تۆمۈربەك شەرقىي تۈركىستاننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن 10 يىل داۋاملاشقان بىر ئۇرۇشقا كىرىپ شىمال تەرەپتە بەزى يەرلەرنى ئالغان بولسىمۇ ، خاندانلىقنى يىقىتالماي نەتىجىدە ھىجرى 762 - ، مىلادى 1389 - يىلى ئىككى دۆلەت ئوترىسىدا سۈلھى تۈزۈلۈپ ، ئۇرۇش توختىدى . بۇسۈلھىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا تۆۋەندىكى فاجىئەلەر يۈزبەردى :

شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمدارى خىزىرخوجا تۆمۈربەك بىلەن سوقۇشقان يىللاردا ئۇيغۇرلار تۆمۈربەككە مايىل بولۇپ، خانغاقارشى داۋاملىق ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇرغاندى . خان بىلەن تۆمۈربەك ئوترىسىدا سۈلھى بولغاندىن كېين ئۇيغۇرلار چىن ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ، بىربۆلۈك چىن ئەسكەرلىرىنىڭ قومۇلغا كىلىپ يەرلىشىشىگە سەۋەب بولدى . بۇنىڭ بىلەن خىزىر خوجا خان ھىجرى 800 - ، مىلادى 1397 - يىلى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇيغۇرلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىپ ، كۆپىنى ئۆلتۈردى ، قالغانلىرىنى يۇرتىنىڭ ھەرتەرىپىگە تارقىتىۋەتتى . ئۇتارىختىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ئايمىقى قالمىغاندەك ، ئۇيغۇرنامىمۇ ئۆچۈپ كەتتى

شەرقىي تۈركىستاندىكى چاغاتاي خاندانى ۋە خىزمەتلىرىدىكى پۈتۈن موڭغۇل بەگلىرى ۋە ئەسكەرلىرى ھىجرى 792 - ، مىلادى 1351 - يىلىدا مۇسۇلمان بولغاندىن كېين ئاستا - ئاستا تۈركلەشتى ۋە يەرلىك تۈركلەربىلەن بىر ۋۇجۇت ھالىغا كىلىپ ، مىللىي بىر تۈرك دۆلىتى ھالىتىدە 300 يىلدىن ئارتۇق مۇستەقىل ۋە بەختلىك ھايات كەچۈردى .

هدايەتۇللا خوجا ئاتلىق بىر تەرىقەت شەيخىنىڭ ئىسيان چىقىرىشى نەتىجىسىدە شەرقى تۈركىستان هىجرى 1090 ـ ، مىلادى 1699 ـ يىلى قالماق موڭغۇللىرىنىڭ ئىستىلاسىغا ئۇچرىدى . قالماق خانى هىدايەتۇللا خوجىنى " ئاپاق " خوجا دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئالتىشەھەرگە ۋالى تەيىن قىلدى ۋە بۇ ۋالىلىق ئۇنىڭ ئەۋلادىغا مىراس قالدى . 79 يىللىق بۇ دەۋر شەرقى تۈركىستان تارىخىدا باشتىن ئاياغ تىنجىسىزلىق ۋە پالاكەت دەۋر بولۇپ ، ئەجنەبى ئىستىلاسىغا زېمىن هازىرلىغاندى . ( تارىخچە بۆلۈمى تۈگىدى . )

## كېيىنكى ئىككى ئەسىر ئىچىدىكى هۆررىيەت كۆرەشلىرى

قالماق دۆلىتىنىڭ بۇلۇ بەۋسۆك زامانىدا ، قالماق قەبىلىلىرى ئارىسىدا هەم ئالتىشەھەردىكى ۋالى خاندانى بولغان خوجىلار ئارىسىدا پەقەت توختىمىغان ئىچكى سوقۇشلەر داۋام قىلماقتا ، قانلەر توختىماستىن تۆكۈلمەكتە ، بۇلاڭ ـ تالاڭ هۆكۈم سۈرمەكتە ، جېنىنى ئېلىپ قاچالىغانلەر هەرتەرەپكە قاچماقتا ئىدى .

نىهايەت ، هىجرى 1167 ـ ، مىلادى 1753 ـ يىلى قالماق شاهزادىلىرى ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش سوقۇشى چىقتى . چىن ئىمپىراتۇرى بۇشاهزادىلەردىن ئامۇر ساناغە ئەسكىرى ياردەم قىلىش يولى بىلەن شەرقي تۈركىستانىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا بۇرنىنى تىقتى . ئامۇرسانانى تەختكە ئولتۇرغۇزغان ۋە پۈتۈن يۇرتنى ئۇنىڭ نامىغا ئىشغال قىلغان چىن قوشۇنى ، ئىشى پۈتكەندىن كېين چىنغا قايتىپ كەتمەي ، چىنىنىڭ ئىستىلاچىلىق غايىسىنى ئۇچۇق ئورتىغا قويدى . بۇ سەۋەپتىن ئامۇرسانا ۋە پۈتۈن ئاهالە چىنغاقارشى ئۇرۇش باشلىدى ، نەتىجەدە هىجرى 1171 ـ ، مىلادى 1757 ـ يىلى چىن قوشۇنى تامامەن يوقۇتۇلدى . چىن ئىمپىراتۇرى بىرىيل كېين 100 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن يوللىدى ۋە رەسمي ئۇرۇش قىلماستىن ئۇچرىغان هەر ئىنسانىنى قەتلىئام قىلىش يولى بىلەن قورقۇتۇش ۋە ئىزىش ئۈچۈن هەرىكەت قىلىشغا ئەمرقىلدى ، بۇ قەتلىئام يىللارچە داۋام قىلدى . مىلادى 1763 ـ يىلى چىن قۇماندانى تەرىپىدىن ئىمپىراتۇرغا

بىرىلگەن راپورتدا 1200000 كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە 12000 كىشىنىڭ ئەسىر ئېلىنىپ چىنغا سۈرگۈن قىلىنغانلىقى مەلۇم بولماقتا.

بۇ قەتلىئاملەردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمال قىسمىدا ھېچبىر ئىنسان تىرىك قالمىدى . كېيىنچە ئۆيەرلەرگە باشقا يەرلەردىن 6000 ئۆيلۈك خەلق مەجبۇرى كۆچۈرۈلۈپ ، يەرلەشتۈرۈلدى ۋە چىندىن ، مانجۇرىيەدىن كۆچمەنلەر كەلتۈرۈلۈپ ، ئورۇنلاشتۇرۇلدى .

بۇ قەتلىئاملەر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھۆررىيەت رۇھىنى سۇندۇرالمىدى . چۈنكى ھىجرى 1180 - ، مىلادى 1766 - يىلى ، تارىخىمىزنىڭ شانلىق سەھىپەلىرىدىن ئورۇن ئالغان " ئۇچتۇرپان ئىنقىلاۋى " دەپ ئاتالغان مىللى ئىنقىلاب يۈزبەردى . مىللى قەھرىمانلار ئۇچتۇرفان قاتارلىق بىرنەچچە شەھەرنى قۇتقۇزغاندىن كېيىن خوقەن ، بۇخارا ، خىۋە خانلىرىغا ۋە ئافغانىستان پادىشاھى ئەھمەتشاھغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى . ئەھمەتشاھ بۇ تەلەپنى دەرھال قوبۇل قىلىپ ، قوشۇننى ئېلىپ بۇخاراغا كەلدى . لېكىن مەزكۇر خانلەرنىڭ تەييارلىقى پۈتكۈچە ، ھىجرى 1182 - يىلى چىن قوشۇنى يېتىپ كىلىپ ، ئىككىنجى قېتىملىق قەتلىئامنى قىلىپ ، ئىنقىلابنى بېسىقتۇردى . بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر ھۆكۈمدارلار ياردەمدىن ۋازكېچىپ قايتىشقا مەجبۇربولدى . بۇ قەتلىئامدىن قېچىپ غەربىي تۈركىستانغا خىجرەت قىلغانلەرنىڭ سانى 50000 دىن ئارتۇق ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ . بۇ فاجىئەدىن كېيىن مۇھىم بىرەر قوراللىق ھەرىكەت يۈزبەرمىدى .

ھىجرى 1234 - ، مىلادى 1818 - يىلىدا جاھانگىر خوجىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا قەشقەردە ھۆررىيەت ئورۇشى باشلاندى . ئاز بىر مۇددەت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتىشەھەر قىسمىنى قۇتقۇزۇپ ، ئىستىقلال ئىلان قىلدى . ھىجرى 1240 - ، مىلادى 1824 - يىلى چىندىن بۈيۈك بىر دۈشمەن قوشۇنى كىلىپ ، مىللى قوشۇننى مەغلۇپ قىلدى . بۇئەھۋال ئاستىدا قەشقەرغە قايتىپ كىلىپ كۆچىنى توپلاش ئۈچۈن غەيرەت قىلىۋاتقان جاھانگىرخوجا ئۇشتۇمتۇت بىر چىن ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئەسىر چۈشتى . چىنلىقلەر بۇ قەھرىماننى بېجىنگە

ئېلىپ بېرىپ ئۇيـەردە شېھىت قىلىدى . بۇ ۋەقـە جـەريانىدا غـەربىي تۈركىستانغا ھىجـرەت قىلغانلارنىڭ سانى 70000 كىشىدىن ئارتۇق بولۇپ ، پەرغانىگە ئورۇنلاشقانىدى .

غەربىي تۈركىستانغا ھىجرەت قىلغانلارنىڭ باشلىقى مۇھەممەد يۈسۈپ خوجا بولۇپ ، ھىجرى 1244 - ، مىلادى 1828 - يىلىدا بىر مىقدار كۈچ توپلاپ قەشقەرگە كېلىپ ، بۇ شـەھەرنى قوزغۇلغان بولسىمۇ سەككىز ئايدىن كېيىن دۈشمەن كۈچىغا تەڭ كېلەلمەي قايتىپ كەتتى . بۇندىن كېين ھىجرى 1261 - ، 1269 - ، 1273 - ، 1274 - يىللىرى ، بۇرۇن مۇھەممەد ئـەمىنخان ، كېينچە ئىنىسى ۋەلىخاننىڭ قوماندانلىقلىرى ئاستىدا ئارقا - ئارقىدىن ھۆررىيـەت ئۇرۇشلىرى ، پەتىھلەر يۈزبەردى . بۇ ئۇرۇشلار جەريانىدا مۇجاھىدلار خوقەن خانىدىن مۇھىم ياردەم كۆردى . ئەمما ھەر ئۇرۇشتىن كېين چىندىن كەلگەن كۆپ ساندىكى دۈشمەن كۈچلىرى ئالدىدا ئۇزۇن سوقۇشلار بىلەن مۇجاھىدلار كۆپ چىقىمغا ئۇچراپ ھېچقاندا ق بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى . بۇ ۋەقە جەريانىدا غـەربى تۈركىستانغا ھىجرەت قىلغانلارنىڭ سانى شۇچاغدىكى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا 80 مىڭ بىلەن 100 مىڭ ئارىسىدا ئىدى .

## مۇستەقىللىق دەۋرى

ھىجرى 1279 - ، 1280 - ، مىلادى 1872 - يىلىدا شـەرقىي تۈركىستاننىڭ بەش ۋىلايىتىدە ئارقا - ئارقىدىن مۇستەقىللىق ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى . خوتەندە ئابدۇ رەھمان پاشا ، يەركەندە ئابدۇرەھمان ھەزرەت ، قەشقەردە سىدىق بەگ ، ئاقسۇدىن قومۇلغىچە بولغان بىپايان زېمىنلەردە راشىدىن خان ۋە ئىلىدا ئەلاخان قاتارلىق زاتلارنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا باشلانغان بۇمىللى ھۆررىيەت جەڭلىرى ، ئازمۇددەتتىن كېين چىن قوشۇنلىرىنىڭ تامامەن يوقىتىلىشى ۋە ئايرىم - ئايرىم بەش مۇستەقىل دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن نەتىجىلەندى . پەقەت ھىجرى 1283 - ، مىلادى 1866 - يىلى بۇ دۆلەتلەر ياقۇب بەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بىر دۆلەت ھالىغا كەلدى . پەقەت ئىلى ۋادىسىلا رۇس مۇستەملىكىسى بولۇپ قالغانلىقتىن ، بۇبىرلىكنىڭ سىرتىدا قالغانىدى . ياقۇپ بەگ ھىجرى 1287 - ، مىلادى 1870 - يىلى تۈركىيەگە

بىر ئەلچىلىك ھەيئىتى يوللاپ سۇلتان ئابدۇل ئەزىز خانغا بەيئەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن بىربۆلۈك قۇرال يادەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى . سۇلتان ئابدۇل ئەزىز خان كازىم بەگ ئىسىملىق بىر مىر ئالاي ( ئەسكىرى ئۇنۋان ) نىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا بىرئەسكىرىي ھەيئەت ۋە بىر قىسىم قۇرال ئەۋەتتى . بۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان ئابدۇل ئەزىز خان نامىغا خۇتبە ئوقۇلدى ۋە كۈمۈش پۇل باستۇرۇلدى . بۇپۇلدىن ھازىرمۇ كىشىلەر قولىدا يادىكار سۈپىتىدە ساقلانغان ئەمۇنىلەر بار .

شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى تۈركىيە ، ئەنگلىيە ۋە رۇسىيە دۆلەتلىرى رەسمىي تونىغانىدى . چىن ھۆكۈمىتى تونۇشتىن قاچقان بولسىمۇ شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكىرى تاجاۋۇز قىلماسلىق ئۈچۈن ئەنگلىيە ۋە رۇسىيە دۆلەتلىرىگە ۋەدە بەرگەنىدى .

ياقۇپ بەگ تۈرك ئەسكىرى ھەيئىتىنىڭ تەلىمى ئاستىدا 80 مىڭ كىشىلىك بىر ئەسكىرى قوشۇن تەييارلىدى ۋە ئىنگلىز ھۆكۈمىتىدىن ھىندىستان ئارقىلىق يەڭگىل قۇرال سېتىۋالدى .

بۇ ياش دۆلەت ئۆزىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيىتىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ تۇرغان بىر چاغدا ، چىنىنىڭ شىمال ۋە غەرب ۋىلايەتلىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈب ، كېيىن مەغلۇب بولغان تۇنگانلاردىن 10 مىڭدەك بىر مۇھاجىر قافىلىسى شەرقىي تۈركىستانغا كىلىپ ، ياقۇپ بەگنىڭ ھىمايىسىغا سىغىندى . ھىجرى 1292 - يىلىدا كەلگەن بۇ تۇنگانلارنى قوغلاپ كەلگەن چىن قوشۇنى چېگراغا كىلىپ تۇنگانلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ، ياقۇپ بەگ بۇنى رەت قىلدى . شۇنىڭ بىلەن چىن قوشۇنى چېگرىدىن ئۆتۈپ تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى . ياقۇپ بەگ بۇئىشنى سۆزلىشى يولى بىلەن ھەل قىلىش ۋە چىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى رەسمى تونۇشنى قولغا كەلتۈرۈش خىيالى بىلەن ، سوقۇشماسلىق ئۈچۈن قوشۇنىنى ئارقىغا چېكىندۈردى . چىن قوشۇنىمۇ بەك ئىلگىرلىمەستىن ، پاناھىغا سىغىنغان تۇنگانلارنى قايتۇرۇپ بەرگەن تەقدىردە ، قايتىپ كىتىش ۋەدىسى بىلەن قومۇلدا ئۈزۈن مۇددەت تۇردى . ياقۇپ بەگ تۇنگانلارنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئۇلارنى

قوراللاندۇرۇپ ئۇرۇشچى ئەترەپنى قوغداشقا ئەۋەتتى . تۇڭگانلار چىن قاراۋۇللىرى بىلەن سوقۇش باشلىغاچ ، چىن قوماندانى بۇنى باھانە قىلىپ بۈيۈك ھۇجۇم باشلىدى . بۇ ئارىدا چىن قوماندانى جاسۇسلىرى ئارقىلىق يۇرت ئىچىگە قورقۇنچ سېلىش ۋە تەرەپتار پەيدا قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت باشلىدى . خائىنلەردىن خوتەن ۋالىسى نىياز بەگ چىن ھىلىسىگە ئالدىنىپ ، ھىجرى 1293 - ، مىلادى 1876 - يىلى ياقۇپ بەگنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى .

ياقۇپ بەگنىڭ ۋەفاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ۋە بىر ۋەزىرى ئوتتۇرىسىدا ئۈچتەرەپلىك بىر تەخت تالىشىش جېدىلى چىقتى . بۇ يۈزدىن ئۇرۇش مەيدانىدىكى قوشۇن قايتۇرۇلۇپ ، ئىچكى سوقۇشتا قوللىنىلدى . ئىككى يىل داۋام قىلغان بۇ ئىچكى سوقۇشتا ياقۇپ بەگنىڭ چوڭ ئوغلى ھەققۇلى بەگ غەلىبە قىلىپ ، تەختنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ ، ئەسكەرلەر پۈتۈنلەي كىرەكتىن چىققانىدى . مۇشۇ كۈننى ئۈتكۈز بىلەن كۈتۈپ تۇرغان دۈشمەن قوشۇنلىرى ، ئىچىدىن كەلگەن ياردەم بىلەن بىرلىكتە ھىجرى 1296 - ، مىلادى 1878 - يىلى ھەرىكەتكە كىرىشتى ۋە ھېچقانداق بىر قارشىلىققا ئۇچرىماستىن ئۆلكىنى بېسىۋالدى .

مۇستەملىكىچى چىن ئىدارىسى مىللەتنى قىمىر قىلالماس ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سۆڭەك دەرىجىدە قاتتىق ۋە ھېلىگەرلىك تەدبىرنى قوللانغان بولۇپ ، بۇنى تەپسىلى يېزىشقا بۇ ماقالەمدە ئورۇن يېتىشمەيدۇ . بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆلكىدە يېرىم ئەسىر ئىچىدە مۇھىم بىرەر قوراللىق ھەرىكەت يۈزبەرمىدى . پەقەت تۆت قېتىملا كىچىك - كىچىك قوراللىق ھەرىكەت يۈزبەرگەن بولسىمۇ دەرھال چىققان يېرىدە بېسىقتۇرۇلدى .

بۇنىڭ بىلەن بىرگە يېڭى مەپكۇرە ۋە مىللەتچىلىك ئېڭى خەلقنىڭ زېھنىگە ئاستا - ئاستا كىرمەكتە ۋە كۆندىن - كۈنگە ئىلگىرلەپ بىرمىللى ئويغۇنۇش ماھىيىتىنى ئېلىشقا باشلىغانىدى .

# كېيىنكى كۈنلەردىكى مۇستەقىللىق كۈرەش خاتىرەلىرى

ھىجرى 1350 - ، مىلادى 1931 - يىلىدا باشلانغان قوراللىق جەڭلەر دەسلەپتە چىن چېگراسىغا تۇتاش بولغان قۇمۇل ۋىلايىتىدە مەيدانغا كەلدى . خوجا نىياز ھاجىم قوماندانلىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ ھەرىكەت چىن قوشۇنلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش بىلەن پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئومۇمى بىرقوراللىق قوزغىلاڭ چىقىشى ئۈچۈن ئومۇم يۈزلۈك بىر كەيپىيات ياراتتى . بۇنىڭدىن بىرى شۇكى ، ھىجرى 1351 - ، مىلادى 1932 - يىلى باشلىرىدا خوتەن ۋىلايىتىدە مىنىڭ ئامىسىز تەشەببۇسىم بىلەن بىر يوشۇرۇن تەشكىلات قۇرۇلدى ۋە ھىجرى 1351 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 17 - كۈنى ، مىلادى 1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قوراللىق سوقۇشقا باشلىدۇق . مىنى بۇ قوراللىق مىللى قوشۇنغا قوماندان قىلدى ۋە " خوتەن ئەمىرى " دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى . ئەسكەرلىكتىن ھېچقانداق بىرنەرسە بىلمىگەن ۋە بىردانە يېڭى قورالغا ئىگە بولمىغان بۇ مىللى قوشۇنغا ئاللاھ ياردەم قىلدى . 4 ئايلىق ئۇرۇشۇش نەتىجىسىدە شەرقى تۈركىستاننىڭ ئالتىشەھەر قىسمىنىڭ جەنۇبىنى تەشكىل قىلغان تۆت ۋىلايىتىنى ئەجنەبىلەرنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتقۇزدۇق .

بۇ جەرياندا خوجانىياز ھاجىم قۇمۇلدىن چىقىپ ، يۇرت ئىچىگە يۈرۈش قىلدى ، ئەگىلا كەلسە خەلق ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ چىن ئەسكەرلىرىنى بىرمۇ بىر يوق قىلدى . ھىجرى 1352 - رەجەپ ئېيىنىڭ 20 - كۈنى ، مىلادى 1933 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خوجا نىياز ھاجىمنىڭ رەئىسلىكىدە شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئېلان قىلىنىپ ، شەرقى تۈركىستاندا رەسمى مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇلدى . چىن ۋالىيسىنىڭ قولىدا ئۆلكىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى ۋە ئەتراپىدىن باشقاھېچبىر تۇپراق قالمىدى . مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇلغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ دۆلەت تۆۋەندىكى ئىككى بۈيۈك تەھدىدى ئاستىدا قالغانىدى :

1 - گەنسۇ ئۆلكىسىدە بىر گۇرۇھ باشلىقى بولغان ماجۇڭيىڭ دېگەن بىر تۇڭگان مۇكەممەل قوراللىق 10 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بىلەن شەرقى تۈركىستانغا كىردى . ئەۋۋەل بىزگە ياردەم ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ، خوجا نىياز ھاجىم بىلەن كېلىشىم قىلغان

بولسمۇ ، كېيىنچە مىللىي مۇستەقىللىقىمىزغا دۈشمەن بولغانلىقى ۋە ئۆلكىمىزنى كۆزۈنۈشتە چىنغاتەۋە بىر ۋىلايەت ھالىغا كەلتۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ ھاكىم بولۇش قارانىيتى ئاشكارىلاندى . بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىمىزدا سوقۇش باشلاندى ۋە بۇ سوقۇش ئاخىرغىچە داۋام قىلدى .

2 - چىنلىق ئۇمۇمى ۋالى شىڭشىسەينىڭ نامىدا مەخپى بىر چىن - سوۋىت كېلىشىمى ئىمزالاندى . بۇ كېلىشىم بويىچە سوۋىت تەرەپ ھاۋادىن ھەم قورۇغلۇقتىن شەرقي تۈركىستانغا كىرىپ ھەم مىللى قوشۇنغا ھەم تۈڭگانلارغا قارشى ئۇرۇشقا كىرىشتى .

مانا بۇ ئىككى تەھدىد كە قارشى بىرلا ۋاختىدا سوقۇش قىلىشقا مەجبۇر بولغان ، سان ۋە قورال جەھەتتە دۈشمەنلىرىدىن ئاجىز بولغان مىللى مۇجاھىدلەر كۆندىن - كۆنگە ئىرىپ تۈگىمەكتە ئىدى . مەسىلەن : مېنىڭ قوماندانلىقىم ئاستىدىكى 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ كۆپ قىسمى يېڭىسارىدا 38 كۈن داۋام قىلغان سوقۇش نەتىجىسىدە بۇ قىسمىنىڭ قوماندانلىرى بولغان ئىككى ئىنىم بىلەن باراۋەر شېھىت بولۇپ تۈگىدى . ( ھىجرى 1353 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 8 - كۈنى ، مىلادى 1934 يىلى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى )

بۇ ھادىسىدىن كېيىن ، خوجا نىياز ھاجىم دۈشمەننىڭ ساختا ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ تەسلىم بولدى . ئەمما مەن يېنىمدا قالغان بىر بۆلۈك ئەسكەر بىلەن بىر قانچە ئاي تىركىشىپ باققان بولسامۇ كۆچۈم تامامەن تۈگەپ كەتكەنلىكتىن ، ھىندىستانغا سىغىنىش نىيتى بىلەن ھىجرى 1353 - يىلى رەبىئەل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 16 - كۈنى ، مىلادى 1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يۇرتۇمدىن ئايرىلدىم .

ھىجرى 1356 - ، مىلادى 1937 - يىلى ئابدۇنىياز دېگەن كىشىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا بىر مىللى ئىنقىلاپ چىقىپ ، ئالتىشەھەرنىڭ بىر قىسمى مۇستەقىللىققا ئىرىشكەن بولسىمۇ، كېيىنچە چىن - رۇس بىرلەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى .

ھىجرى 1356 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 2 - كۈنى ، مىلادى 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىلى ۋىلايىتىدە ئېلىخان تۆرەمنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا بۈيۈك بىر ئىنقىلاپ چىقتى . بۇ مىللى ئىنقىلاپ چىن قوشۇنلىرى ئۈستىدىن پارلاق غەلىبىلەرگە ئىرىشىپ ، بىر قانچە ئاي ئىچىدە

ئىلى ، چۆچەك ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى پەتھى قىلىپ ، " شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى " نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى . رۇسىيەدىن قورال سېتىۋېلىپ ، ياخشى قوراللانغاندىن كېيىن ، ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرلەشكە باشلىدى .

بۇ ئەسنادا چىن ھۆكۈمىتى رۇسىيەنىڭ دالالىلىقى بىلەن سۈلھى تەلەپ قىلدى . ئۇزۇن مۇزاكىرەدىن كېيىن كېلىشىم ئىمزالاندى . بۇ سۈلھى بويىچە شەرقىي تۈركىستان چىنغا تەۋە بولۇپ ، ئىچكى ئىشلىرىدا بىرخىل مۇختارىيەت ئۇسۇلى بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان ۋە مىللى قوشۇن ئۆز ئورنىدا قالىدىغان بولدى . بۇ سۈلھىگە ئاساسەن 25 ئەزادىن تەركىپ تاپقان بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلدى . ئەزالار سىياسى جامائەتلەردىن ۋە ئاقساقاللاردىن سايلاندى . مىللەتچى جامائەتتىن ئىككى دوستۇم ۋە مەن بولۇپ جەمئى 3 كىشى قوشۇلدۇق .

بۇ كۆزنىكچە قىلغان پائالىيەتلىرىمىز سىياسىي ساھەدە بولۇپ ، ھەقىقى مۇستەقىللىق غايەسىدە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر ئىدى .

قىزىل خىتاي ئىستىلاسى دەۋرى : مىلادى 1949 - يىلى 10 ئايدا ( ھىجرى 1369 - يىلى زۇلقەدە ئېيىدا ) شەرقىي تۈركىستاندىكى چىن قوماندانى تاۋ بىلەن ۋالى بۇرھان شەھىدىنىڭ كوممۇنىست چىنغا تەسلىم بولۇشى بىلەن ، ئىككىنچى قېتىم يۇرتىمىزدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇق .

كوممۇنىست ئىستىلاسى دەۋرىدە مىللى كۈرەش ۋەتەن ئىچى ۋە ۋەتەن سىرتىدا داۋام قىلماقتا . ۋەتەن ئىچىدە سىياسىي ھەم قوراللىق كۈرەش بۈگۈنگىچە قەدەر داۋام قىلىپ كەلگەن بولۇپ ، بۇلارنىڭ بەزىسى پات - پات دۇنيا مەتبۇئاتلىرىدا ئۇنۇشتۇرۇلماقتا . ۋەتەن سىرتىدىكى كۈرەشلىرىمىز بولسا ، چەتئەلدىكى بىزلەرنىڭ قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرىمىزدىن ئىبارەت بولۇپ ، ۋەتەن ئىچىدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پائالىيەتلىرى ئالدىدا ھېچنەرسە ئەمەستۇر .

### كوناماۋزۇدا يېڭى مۇھاكىمە

## ئىتتىپاقلىشىش ۋە 21 - ئەسىر ئۇيغۇرلىرى

**ئەكبەر يامان**

ئىتتىپاقلىق — يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدا ئەڭ كۆپ مۇھاكىمە قىلىنغان، ئەمما باشتىن ئاخىر ياخشى ھەل قىلىنالماي كەلگەن كونا قورامساق مەسىلە.

ئىتتىپاقلىق — بىر مۇھاكىمە ماۋزۇسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى پۈتكۈل ئۇيغۇر ئۈچۈن، ھېچ ئىزاھلاش كەتمەيدىغان ئەڭ چۈشىنىشلىك مەسىلە. ساۋاتلىق ئۇيغۇر ئىنسانى ئىچىدە ئۇيغۇر دېگەم بۇ مىللەت نامىنىڭ ئۇيۇشماق پېئىلىدىن كەلگەن بىر سۆز ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەجدادلار قەدىم زاماندا ئىسمى جىسمىغا لايىق ئۇيۇشقاق خەلق بولغانلىقى ئۈچۈنلا قەلئە سوقۇپ، دۆلەت قۇرۇپ، ئۆز زامانىسىدىكى دۇنيا مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، جاھان مىللەتلىرى ئىچىدە ھەقلىق يۈسۈندىكى ئېتىبارلىق ئورۇنغا ساھىب بولغانلىقىنى بىلمەيدىغانلار يوق. بىر توپلۇم، بىر مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىدە بولۇپ تۇرۇشىنى ئۇل - ئاساس كاپالىتىگە ئىگە قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن مىللىي ئىتتىپاقلىق مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى زاكون جەھەتتىن قوبۇل قىلالمايدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر يوق دېيىشىمۇ بولىدۇ. دېمەكچىكى، ئىتتىپاقلىق كۈچ، ئىتتىپاقلىق شەرەپ، ئىتتىپاقلىق گۆھەر دېيىشكە ھەممە ئادەمنىڭ ئېغىزى كېلىدۇ. ئىتتىپاقلىقنىڭ قەدرىنى، ئۇيۇشۇشنىڭ قىممىتىنى ئاڭ جەھەتتىن، تونۇش جەھەتتىن ھەممە ئادەم ئوبدان بىلىدۇ. بىراق، مۇشۇ تونۇشنى ۋە ئاڭنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشتا ئېغىر نۇقسانلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا، خەلقىمىزنىڭ، ئالدى بىلەن ئىلمىي ۋە دىنىي زىيالىيلىرىمىزنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى دەماللىققا ئىشقا ئاشۇرالمايۋاتىمىز.

سەممىيەت بىلەن ئېيتساق، 20 - ئەسىر مىللىي بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زورتىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن ئەسىر بولدى. زىيالىيلىرىمىز كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەچ، خەلقىمىز ھەم پىداكارلىق بىلەن قوللىغاچ، 1933 - يىلى ۋە 1944 - يىلى ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىم مۇستەقىل دۆلەت ھاكىمىيىتى تىكلەپ، جاھان ئەھلى ئالدىدا ئارزۇيىمىزنى ۋە ئىقتىدارىمىزنى نامايەن قىلدۇق. مىڭ ئەپسۇسكى، يەنە شۇ ئىتتىپاقلىقىمىز مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولالمىغانلىقى، ئۇيۇشچانلىقىمىز دەۋر سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاقىۋەتتە دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ھىيلە - تۇزاقلىرىغاچۈشۈپ كېتىپ، ھاكىمىيىتىمىزنى تارتتۇرۇپ قويدۇق، دۆلىتىمىزنى مۇنقەرز قىلىپ قويدۇق.

بۈگۈنكى كۈندە، دۇنياتارىخى 21 - ئەسىرگە كىردى. ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش، ئادالەتلىك ياشام مۇھىتى بەرپا قىلىش جاھان خەلقىنىڭ ئەڭ ياڭراق شوئارى بولماقتا. ھەقسىزلىققا نەپرەتلىنىش، ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇم ئاستىدا ناھەقتىن ناھەق ئازاپ چېكىۋاتقان ئىنسانلارغا ھېسداشلىق قىلىش، زومىگەرلەرنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشىنى ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق توسۇش بۈگۈنكى دۇنيا خەلقىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئىشى بولماقتا. دېمەكچىكى، دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ كۆڭۈل رايى بىزنىڭ مىللىي داۋايىمىزنى ئۇززۇل - كېسىل ھەل بولۇش تەرىپىگە يۈزلەندۈرۈپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز ئۈچۈن پايدىلىق بولماقتا. ئەگەر بىز ئېغىزىمىزدىكى «بىرىيەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، بىرتەن بىر ۋۇجۇد بولۇش» دېگەننى ئەمەلىي پائالىيىتىمىزگە ئايلاندۇرالايدىغانلا بولساق، شەھىدلىرىمىزنىڭ ئارمانىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، ئازات، ھۆر شەرقىي تۈركىستاننى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقالايدىغانلىقىمىزدا ھېچبىر شەك - شۈبھە يوقتۇر.

مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىتتىپاقلىشىش 21 - ئەسىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىنسانلىق سالاھىيىتىنى جاھان خەلقى ئالدىدا سىنايدىغان ھەل قىلغۇچ ئىمتىھان بولۇپ قالدى. بىلىمىز، ئىنساننىڭ ھايۋاندىن تۈپكى پەرقى ئاڭ - ئەقىلدا ئىكەنلىكى ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئىنسانلىق مىزانىدۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇيغۇرمۇ ئۆزىنى دۇنيادىكى ساغلام ئەقىل، نورمال ئاڭغا ساھىب

بولغان بىر ئىنسان توپلىمى دەپ ھېساپلايدىكەن ، بۇ ھالدا ، ناتىق - نەقىل تەستىقلىغان ئىنتىپاقلىشىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ تارىختىكى ئۇيۇشقاق خەلق — ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشى كېرەك !

شۇنىسى ئېنىقكى ، ئۇيغۇر — ھېلىقىدەك ئەقىل تارازىسى بۇزۇق كالۋا خەلق ئەمەس . ئۇيغۇر — ئىنتىپاقلىشالماسلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان ناكەس مىللەتمۇ ئەمەس . ئىمان بىلەن ئېيتىمىزكى ، ئۇيغۇر مىللىتى ئىنتىپاقلىشىشنى ئاقىۋەت چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ . ئەمما ئۆزلۈك بەشارەتلىرىگە قارىغاندا 21 - ئەسىر ئۆتكەنكى ھەرقانداق زامانلارغا سېلىشتۇرغاندا ، ئۆزىنىڭ تېز قەدەملىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ، لوم - لوم مىجەز ، لايغەزەللىك بىلەن ئەسلا چىقىشالمايدىغان يېپ - يېڭى بىر دەۋر دۇر . ھالبۇكى ، ھەربىر ئۇيغۇر ئىنسانى بۇ تۈر دەۋر تەقەززاسىنى يۈرىكىدىن ھېس قىلىشى ، ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ ۋە ۋىجدانىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىنى دەۋر تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇشى ، بۈيۈك مىللىي ئىنتىپاقلىقنىڭ بالدۇرراق ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇق قەرزىنى ئادا قىلىشى لازىم !

بۈيۈك مىللىي ئىنتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مىللىتىمىز ئىچىدىكى ئۆز - ئارا تىللىشىش ، ئۆز - ئارا ئاغرىنىش ، بىر - بىرىمىزنىڭ ئۈستىدىن غەيۋەت - شىكايەت قىلىپلا يۈرۈش ئىللەتلىرىنىڭ يىلتىزىغا پالتا چېپىشنى ئىشنىڭ بىسمىللاسى قىلىدۇ . چۈنكى ، ئىنتىپاقلىشىش ئۆچ - ئاداۋەتنىڭ مەھسۇلى ئەمەس ، بەلكى ئۇ مېھرى - مۇھەببەتنىڭ ھاسىلاتىدۇر . مىللەت سۆيگۈسى شۇ مىللەتنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئۈچۈن ئېغىزىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويىدىغان رەسمىيەتلىك تومتاق ئاتالغۇ ئەمەس ، بەلكى ئۇ كونكرېت كىشى بېشىغا قەدەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدىغان قېرىنداشلىق مەجبۇرىيىتى بولغاندىلا ، ئاندىن ماۋزۇيىمىزدىكى بۈيۈك مىللىي ئىنتىپاقلىق رېئاللىقىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن . مىللەتداش بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەربىر ئۇيغۇر ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر قېرىندىشىنى كەچۈرۈم قىلالايدىغان ، ئۇنىڭغا ئۆزكۆڭلىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم .

كۆڭۈللەر گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرىدۇكى ، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر توپلۇمىدا ، ھە دېسىلا بىر - بىرىنىڭ يىغىرىنى ئىچىپ ، بىر - بىرىنى چۆشىنىپ ، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپلا يۈرۈش رەزالىتىنىڭ ئورنىنى بىر - بىرىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنىمۇ كۆرۈش ، بىر - بىرىنىڭ ياخشى تەرىپلىرىنى قىلىش ، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرۈش پەزىلىتى ئىگىلىگەن كۈن ــ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۈيۈك مىللىي ئىتتىپاقلىقى ئەمەلگە ئاشقان كۈن بولىدۇ .

ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن ، ئۇيغۇر مىللىتى بۇ كۈنگە چوقۇم ئېرىشىدۇ ، ئىنشا ئاللاھ !

---

## ھېكمەتلىك سۆزلەر

ئۆزىنى تەرەققى قىلدۇرماقچى بولغان ئادەم ، ئەۋۋەل دۆلىتىنى تەرەققى قىلدۇرىشى لازىم .

ــ يۇگوسلاۋىيە.

كىچىككەن ئادالەت ، ئادالەتسىزلىك كەلتۈرىدۇ .

ــ ماجار .

يامان ئىدارە قىلغۇچىنىڭ غەلىبىسى ، خەلقنىڭ مەغلۇبىيىتى دېمەكتۇر .

ــ مېكسىكا .

# كۆكتۈركلەر

پروفېسسورئېرول گۈنگۆر

كۆكتۈركلەرنىڭ قەبىلە بېگى بولغان ئۇلۇغ يابغۇنىڭ بۇمىن ۋە ئىستەمى ئىسىملىك ئىككى ئوغلى ئاپارقاغانى ئۇناباي قاغانقا قارشى ئىسيان كۆتۈردى ۋە دۆلەتنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئالدى . بۇمىن قاغان دۆلەتنىڭ شەرق قىسمىغا ، ئىستەمى بولسا ، غەرپ قىسمىغا قاغان بولدى . تۈرك دۆلەت ئەنئەنىسىگە كۆرە شەرقتە ئولتۇرغانلار ، غەربتە ئولتۇرغانلاردىن ئۈستۈن بولاتتى . غەربتە ھۆكۈم سۈرگەنلەر شەرقتىكى ھۆكۈمدارغا باغلىق بولاتتى . بۇيۈزدىن بۇمىن " بۈيۈك قاغان " بولدى . ئەمما كېيىنچە شەرق قاغانلىقى زەئىپلىشىش بىلەن غەرب قاغانلىقى ئۇلارغا بويسۇنمايدىغان بولۇپ قالدى .

شەرقىي كۆكتۈركلەر سىياسىي جەھەتتە ھەرزامان چىن بىلەن قارشىلىشىپ تۇردى . چىن بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلاتتى . بەزى چاغلاردا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئىتتىپاقلىق زامانى بولاتتى . كۆكتۈرك قاغانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تۈرك ھۆكۈمدارلىرىغا ئوخشاش كۆپ ۋاقىتلاردا چىن مەلىكەلىرى بىلەن ئۆيلىنىپ تۇراتتى . كۆكتۈركلەرنىڭ باشلانغۇچ دەۋرلىرىدە چىندىكى ئىمپراتور ئائىلىسى تۈرك تابغاچ نەسلىدىن بولۇپ ، ۋەي خاندانىدىن ئىدى .

شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ تەختىگە بۇمىن قاغاندىن كېيىن قىسقا بىر مۇددەت ئىستەمى قاغان ئولتۇردى . ئۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت بۇمىننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ يولى بىلەن داۋاملاشتى . بۇمىندىن كېيىنكى قاغان ئۇنىڭ ئوغلى قاراقاغاندۇر. كېيىن نۆۋەت بويىچە مۇقان قاغان ، تاپۇ قاغان ، باغا ئىشبارا قاغان ، چۇرباغا قاغان ، تۇلان قاغان ، بىلگە تاردۇ قاغان ، تۈرە قاغان ، شىپىي قاغان ، چۇلۇق قاغان ۋە قارا قاغان كۆكتۈرك تەختىدە ئولتۇردى . قاراقاغان زامانىدا ( 630 - يىلى ) چىنلىقلەر كۆكتۈرك ئۆلكىسىگە بېسىپ كەلدى . يۈزبەرگەن

سوقۇشلارنىڭ بىرىدە قارا قاغان ئەسىرچۈشتى . شۇنىڭ بىلەن تۈركلەر چىن ھاكىمىيىتىنى تونۇشقا مەجبۇر بولدى ، بۇنىڭ بىلەن شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتى يوق بولۇشقا يۈزلەندى . ئەمما چىن قولىغا ئەسىر چۈشكەن تۈرك شاھزادىلىرى ھېچقاچان ئاسارەتنى قوبۇل قىلمىدى ۋە داۋاملىق ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇردى . بۇ ئىسيانلارنىڭ ھەممىسى قانلىق باستۇرۇلاتتى . چىنلىقلار ئىسيانغا چېتىشلىق ھەركىشىنى ئۆلتۈرەتتى . بۇ ئىسيانلارنىڭ مۇھىملىرى مەشھۇر كۈرشاد قوزغىلىڭىدۇر .

كۈرشاد شەرقىي كۆكتۈرك قاغانلىرىدىن چۇلۇق قاغاننىڭ ئوغلى ئىدى . چۇلۇق قاغان ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا قېرىندىشى يەنى كۈرشادنىڭ تاغىسى ئولتۇردى . چۇلۇق قاغاننىڭ ئىككىنجى خوتۇنى ئىچىڭ خاتۇن ئىسىملىك بىر چىن مەلىكىسى ئىدى . بۇخوتۇن چۇلۇق قاغاننى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەندى . قەدىمكى تۈركلەردە ئاكىسى ئۆلسە ئۇنىڭ تۇل خوتۇنىنى ئىنىسى ئالىدىغان ئادەت بولغانلىقى ئۈچۈن ، قارا قاغان بۇ چىنلىق خوتۇن بىلەن نىكاھلاندى . ئىچىڭنىڭ مەخسىتى ئۆزئائىلىسىنى چىن تەختىگە ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن كۆكتۈركلەرنى چىنلىقلار بىلەن ئۇرۇشقاسېلىش ئىدى . دۆلەتنىڭ ئەڭ بۇھرانلىق بىر مەزگىلىدە چىن بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سوقۇش 10 مىڭلارچە تۈركنىڭ چىن قولىغا ئەسىر چۈشۈشى بىلەن نەتىجىلەندى . كۈرشاد مۇ بۇ ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە ئىدى . تۈركلەر چىنلىقلارنىڭ ئۆز ئۆلكىلىرىدە تۇرغۇزغان قورچاق بىر ھۆكۈمدار بولغان سىر باغا قاغاننى ئېتىراپ قىلمىدى ۋە پۈتۈن ئۈمىدلىرىنى كۈرشادقا باغلىدى .

كۈرشاد 639 - يىلى يەنى ئاسارەتتىن 9 يىل كېيىن چىننىڭ مەركىزىدە تاللانغان تۈرك ئەسكەرلىرىدىن 39 كىشى بىلەن بىرلىكتە بىر قوزغىلاڭ گۇرۇپپىسى قۇردى . ئۆزى بىلەن 40 كىشى بولغان بۇ گۇرۇپ چىن ئىمپىراتورىنى ئەسىرقىلىپ قاچۇرۇپ ، بۇ سىياسى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ، پۈتۈن ئەسىر تۈركلەرمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، ئىمپىراتورنىڭ ھاياتى بەدىلىگە تۈركلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى تەلەپ قىلىنماقچى ئىدى . ئىمپىراتورنىڭ كېچىلىرى قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ يۈرگەنلىكى رىۋايەت قىلىناتتى . 40 تۈرك بىر

كېچىدە ھەرىكەت قىلىشقا كېلىشتى . ئەمما ئۇ كېچە ئىمپىراتور سارىيىدىن چىقمىدى . كۈرشاد كېچىكىپ قالسا ھەرىكەتنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ۋە بەك كۆپ بىگۇنا تۈركنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ قوزغىلاڭنى كېچىكتۈرمىدى . ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىمپىراتورنى ئەسىر ئېلىش ئۈچۈن سارايغا ھۇجۇم قىلدى . چىن مۇھاپىزەتچى قىسىملىرى بىلەن 40 تۈرك ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك بىر جەڭ باشلاندى . ئوق ۋە قىلىچ بىلەن بەك كۆپ دۈشمەننى يەرگە يىقىتقان بولسىمۇ ، سانى ئارتىپ بارغان چىن بىرلىكلىرى تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنغاندىن كېيىن ، كۈرشاد چىن سارىيىنىڭ ئارقىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ، ئۆيەردىكى تاللانغان ئاتلارنى ئالدى ۋە ساق قالغان تۈرك قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن كۆكتۈرك ئۆلكىسىگە ئات سالدى . ۋېي ئايمىقى ئەتراپىغا كەلگەندە دەھشەتلىك بىر كەلكۈن كېلىپ كۆرۈكلەرنى سەل ئېلىپ كەتتى . ئايماق ئەتراپىدا كۈرشاد ۋە ئەسكەرلىرى چىن چېرىكلىرى بىلەن سوقۇشقا چۈشۈپ ، ئېخىرقى ئوقلىرىنى ئاتقاندىن كېيىن ، قىلىچ بىلەن جەڭ قىلىپ دۈشمەننىڭ بىردەك ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى . كېيىن ھەممىسى بىردىن بىر ئەجەل شەربىتىنى ئىچىپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى .

كۈرشاد ۋە ھەمراھلىرى قانلىرى بىلەن بىر داستان يازدى . بۇ داستان 1500 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بىزلەر تەرىپىدىن ھاياجان بىلەن ئوقۇلماقتا . چۈنكى بۇ 40 يىگىت تۈرك مىللىتىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس بىر مۇستەقىللىق ئوتىنى ياققاندى . ئۇلاردىن كېيىن بۇ ئوت بىلەن كۆيگەن تۈركلەر ھەربىر پۇرسەت كەلگەندە قوزغىلىپ تۇردى . بىرقانچە قېتىملىق قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئەڭ ئاخىرى 682 - يىلىدا قۇتلۇغ شاد ئەتراپىدا توپلانغان تۈركلەر مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ۋە ئىلتەرىش قۇتلۇغ قاغان نامى بىلەن شەرقىي كۆكتۈرك تەختىدە ئولتۇردى . قۇتلۇغ قاغان تارقىلىپ كەتكەن قەبىلىلەرنى يىغدىن بىرلىككە كەلتۈردى ( بۇيەردىن ئىلتەرىش ئۇنۋانىنى ئالغان ) ۋە دۆلەتنى بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈردى . ئۇ بۇرۇنقى بىر بۆلۈك تۈرك قاغانلىرىدەك چىنلىق بىرمەلىكە بىلەن ئەمەس ، بەلكى بىر تۈرك قىزى بىلەن ئۆيلەنگەنىدى . ئايالى ئىل بىلگە خوتۇن ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشىغا ياردەملەشتى . قۇتلۇغ قاغاننىڭ ئىككى ئوغلى بولدى . بىلگە خان ۋە گۆزل تېكىن ئاتلىق بۇ

تۈرك شاھزادىلىرى بىزنىڭ تارىخىمىزدا بەك يۇقىرى ئورۇن تۇتىدۇ. قۇتلۇغ ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا قېرىندىشى قابغانخان قاغان بولدى. 22 يىل قاغانلىق قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا نۆۋەت بىلەن ئوغۇللىرى ئىنال بۇغۇ خان ئىنىخان ۋە يۇلۇغ تېكىن قاغان بولدى. ئەمما بۇ ئۇچىمۇ مەغلۇپ بولدى ۋە بىر يىل ئىچىدە ئارقا - ئارقىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلتەرىش قۇتلۇغ قاغاننىڭ ئوغۇللىرى بىلگە خان بىلەن گۈل تېكىن بىرلىشىپ ئۆلكىنى قالايمىقانچىلىقتىن قۇتقۇزدى. بىلگەخان قاغان بولدى. ئىنىسى گۈل تېكىنمۇ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. شۇنداقلا تۈرك تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئىككى بىر تۇققان دۆلەت ئىدارىسىدە بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ، پەقەت بىر - بىرىدىن قىزغانماي، بىر - بىرى بىلەن ياردەملىشىپ ئۆتكەندى. قاپغانخاننىڭ كېيىنكى يىللىرىدا دۆلەت بىرتەرەپتىن چىن تەھدىدى ئاستىدا قالدى، يەنە بىر تەرەپتىن بىر بۆلۈك تۈرك قەبىلىلىرى كۆكتۈرك ئىدارىسىگە ئىسيان قوزغىغاندى. بىلگە قاغان بىلەن گۈل تېكىن بۇ ئىسيان ۋە تەھدىدلەرنى بۈتۈنلەي يوق قىلغاندى.

بىلگە قاغان " ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكى " ئۈچۈن نىمە لازىم كەلسە شۇنى قىلدى. تۈرك قەبىلىلىرى ئاسارەتلىك يىللاردا كۆرگەن ئىدىكى، نەزامان تۈرك قەبىلىلىرى بىرلەشسە چىنلىقلار ئۇلارغا ئۆلپان تاپشۇراتتى. ئەمما قاچانكى، ئارىلىرىدا ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى باشلانسا، ئاجىزلاشقان دۆلەتنىڭ ئۈستىگە بېسىپ كىلەتتى. بۇيۈزدىن ئاتىلىرى ئىلتەرىش قۇتلۇغ قاغاندەك ئوغۇللىرىمۇ پەقەت تەپرىقە چىلىك، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە پۇرسەت بەرمىدى. دۆلەتكە ئىسيان كۆتۈرگەن قەبىلىلەرنى لازىم كەلگەندە ئەڭ قاتتىق بىر شەكىلدە ئىنتائەت ئاستىغا ئالاتتى. ئۇلار تۈركلۈك شۇئۇرىنى يوقاتماسلىققا قاتتىق دىققەت قىلاتتى. ئۇ چاغلاردا تۈركلەر دىخانچىلىق قىلىش بىلەن بىرىم كۆچمەنلىك ھاياتىدا ياشايتتى. يازنى يايلاقلاردا، قىشنى بولسا قىشلاقلاردا ئۆتكۈزەتتى. ھەرزامان تەبىئەت بىلەن قۇچاق ئىچىشىپ، ھاياتنى ھەرىكەتلىك ئۆتكۈزەتتى. چىنلىقلارنىڭ بۈيۈك شەھەرلىرى بارئىدى. كۆپىنچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. بىر تۈرك چىن شەھەرلىرىگە بارسا،

ئۇيەردىكى كۆڭۈل ئېچىش ، ئويۇن ـ تاماشاغا بېرىلىپ كېتەتتى . بازار ئايلىنىپ ، ئۇيەردىكى بەزى نەرسىلەرگە ھەيران قالاتتى . چىنلىقلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۈركلەرگە ئىچىملىك ، قىز ـ چوكان ، مال ـ مۈلۈك سوغات قىلىش بىلەن ئۇلارنى ئالداپ تۈركلۈك ھاياتىدىن يىراقلاشتۇراتتى . ئەنە بىلگە قاغان پۈتۈن تۈركلەرنى بۇ ھالەتتىن ئاگاھلاندۇردى . چەتئەللەر بىلەن تىجارەت قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرسىمۇ ، ئەمما تۈركلەرنىڭ ئۆزيۇرتلىرىنى تاشلاپ ، ئۇ تەرەپلەردە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشلىرىنى پەقەت خالىمايتتى . كۆكتۈرك قوشۇنلىرىنىڭ باشقۇماندانى گۆل تېكىن 731 ـ يىلدا ئىسيانكار توققۇز ئۇغۇز تۈركلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان بىر ئۇرۇشتا ئۆلدى . ئاكىسى بىلگە قاغان ۋە ۋەزىرى بىلگە تونيۇقۇق ئۇنىڭغا بۈيۈك بىر ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى . كۆكتۈرك دۆلىتى ئۇچاغدا ئۇقەدەر تونۇلغان ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان بىر دۆلەت ئىدىكى ، پۈتۈن قوشنا ۋە يىراق دۆلەتلەردىن ماتەم مۇراسىمغا ۋەكىللەر كەلدى . چىن ئىمپىراتورى ئۆزىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەكىلىنى ئەۋەتتى ۋە گۆل تېكىن خاتىرەسىنىڭ يېزىلىپ ئورنىتىلىشىغا ياردەم قىلدى .

بىلگە قاغان ئۇنىڭدىن 3 يىل كېيىن ئۆلدى . ئۇنىڭغىمۇ پۈتۈن دۆلەت پادىشاھلىرى تەرەپىدىن كەلگەن ۋەكىللەر بىلەن بەك چوڭ بىر ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى . خاتىرە ئۈچۈن گۆل تېكىن خاتىرەسىنىڭ يېنىغا بىرخاتىرە ئورنىتىلدى . بۇنىڭدا ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن تۈرك مىللىتىنىڭ بىرتارىخى ۋە بۇ تارىختىن ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك دەرسلەر بايان قىلىندۇ . گۆل تېكىن ، بىلگەقاغان ۋە بۈيۈك كۆكتۈرك ۋەزىرى بىلگە تونيۇقۇقنىڭ خاتىرەلىرى ئۈچۈن ئورنىتىلغان خاتىرە لەرنى ئۇرخۇن ئابىدەلىرى ياكى ئۇرخۇن كىتابەلىرى دىيىلىدۇ . بۇلار بايقال كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئورخۇن دەرياسىنىڭ شەرق ياقىسى يېقىنلىرىغا ئورنىتىلغان .

ئورخۇن ئابىدەلىرى تۈرك مىللىتىنىڭ مىڭلارچە يىللىق تارىخى بويىچە مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكىلىرىدىن ئىدى . دۇنيادا باشقا ھېچبىر مىللەتنىڭ تارىخىدا ئۇنداق ئەبەدىي ھەقىقەتلەرنى بۇنچىۋالا يۈكسەك بىر ئەدەبىي تىل بىلەن ئوتتۇرىغا چىقارغان ئەسەر تېپىلمايدۇ . ئۇنىڭدا تۈرك تارىخىنىڭ ۋە تۈرك مىللىتىنىڭ ئوبرازى

تاشقا ئويۇلغان . شۇنداقلا تۈرك مىللىتىنىڭ پۈتۈن تارىخى يوقـۇلۇپ كەتسـە ، پەقەت ئۇرخۇن ئابىدەلىرىگە قاراپ بۇمىللەتنىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتىنى ، دۆلەت قۇرۇش ماھارىتىنى ، ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ، ھەربىي قەھرىمانلىقىنى ، دۆلەت ۋە قانۇن چۈشەنچىسىنى بىلىش مۇمكىن .

قاراڭ ! بىلگە قاغان تۈركلۈكنىڭ پەيدا بولۇشىنى قانداق بايان قىلىدۇ :

" ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنسان ئەۋلادى يارىتىلىپتۇ ، ئىنسان ئەۋلادى ئۈستىدە ئاتا ـ بوۋام بۇمىن قاغان ئىستەمى قاغان ئولتۇرۇپتۇ . ئۇلار تەختىدە ئولتۇرۇپ ، تۈرك خەلقىنىڭ ئىلىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ، ئۇنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنى تۈزۈپ بېرىپتۇ . بۇچاغدا تۆت ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئىكەن . قوشۇن چىقىرىپ تۆت ئەتراپتىكى خەلقنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپتۇ . بېشى بارلارنى باش ئەگدۈرۈپ ، تىزى بارلارنى تىز پۈكتۈرۈپتۇ " .

گۆل تېكىن ئابىدەسىنىڭ باش تەرەپىدە بولسا ، بىلگەقاغان تۈرك مىللىتىنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ :

" مەنكى تەڭرىدەك كۆكتە بولغان تۈرك بىلگە قاغان تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن خاقانلىق تەختىدە ئولتۇردۇم . خۇسۇسەن كىچىك ئىنىلىرىم ، ئوغلۇم ، بۈتۈن ئەۋلادلىرىم ، مىللىتىم ، ئوڭ تەرەپتىكى شاداپىت بەگلەر ، سول تەرەپتىكى تارقاتلار ، بۇيرۇق بەگلەر ، ئوغۇز ، تاتار ، توققۇز ئوغۇز بەگلىرى مىللىتى بوسۆزلىرىمنى ياخشى ئىشىتىڭلار ، ئوبدان قۇلاق سېلىڭلار ، شەرقتىن كۈن پېتىشقىچە ، جەنۇب تەرەپتىن كۈن ئوتتۇرىسىغىچە ، ئارقا تەرەپتىن كۈن پېتىشقىچە ، شىمال تەرەپتىن كۈن ئوتتۇرىسىغىچە پۈتۈن مىللەتلەر ھازىر مېنىڭ ئەمرىمدىدۇر . مۇشۇنداق كۆپ خەلقنى مەن ئۇيۇشتۇردۇم . ھازىر يامان ئەمەستۇر . تۈرك قاغانى ئۆتۈكەن ئورمانلىقىدا ئولتۇرسا ئەلدە قايغۇ بولمايدۇ . چىن مىللىتىنىڭ سۆزى تاتلىق ، يىپەك رەختلىرى يۇمشاقمىش . تاتلىق سۆزبىلەن يۇمشاق يىپەك رەختكە ئالداپ ، سۇنىڭ بىلەن يىراق مىللەتنى يېقىنلاشتۇرۇپتۇ . يېقىنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەققىدە يامان ئىشلار

نويلايدىكەن . ياخشى بىلىملىك ئىنسانغا ، ياخشى جاسارەتلىك ئىنسانغا توسقۇنلۇق قىلىدىكەن . نوي تۈرك مىللىتى ، تاتلىق سۆزىگە ، يۇمشاق يىپەك رەختىگە ئالدىنىپ نەچچە ئەۋلادىڭنى يوقاتتىڭ . تۈرك مىللىتى ئۆلدۈڭ ، تۈرك مىللىتى ئۆلسەن . جەنۇپتا چوغاي ئورمانلىقىغا ، ئۆتكۈلتۈن تۈزلەڭلىككە يەرلىشىمەن دېسەڭ تۈرك مىللىتى ئۆلسەن . ئۆتەرەپكە بارساڭ تۈرك مىللىتى ئۆلسەن . ئۆتۈكەن دېگەن يەردە ئولتۇرۇپ كارۋان ئىبەرسەڭ ھېچقانداق دەرت-ئەلەم بولمايدۇ . ئۆتۈكەن ئورمانلىقىدا يەرلەشسەڭ ئەبەدىي دۆلەت تۇتۇپ ئولتۇرۇسەن .

تۈرك مىللىتى توقلۇقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىڭ . ئاچلىق ، توقلۇق دېگەننى ئويلىمىدىڭ . بىر قېتىم تويغاندىن كېيىن ئاچلىق ئەقلىڭگە كەلمىدى . شۇنداق قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن سېنى بېقىپ ئۆستۈرگەن قاغانىڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماستىن چىنغا باردىڭ . شۇنداقلا ئۇيەردە يوقالدىڭ ۋە يوقۇتۇلدۇڭ . ئۇيەردە قالغانلار بىلەن ئاجىزلاپ ئۆلۈپ كېتەتتىڭ . تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى ئۈچۈن ئۆزۈم دۆلەتلىك بولغانلىقىم ئۈچۈن قاغان بولدۇم . قاغان بولۇپ ئاچ ، يېقىر مىللەتنىڭ ھەممىتنى توپلىدۇم . يوقسۇل مىللەتنى باي قىلدىم . ئازمىللەتنى كۆپ قىلدىم . بولمىسا بۇسۆزۈمدە يالغان بارمۇ ؟

تۈرك بەگلىرى ۋە تۈرك مىللىتى بۇنى ياخشى ئىشتىڭلار ! تۈرك مىللىتىنى توپلاپ دۆلەت تۇتۇلىدىغانلىقىنى بۇ تاشقا نەقىش قىلدىم . يېڭىلىپ ئۆلىدىغانلىقىنى يەنە بۇ تاشقا ئويدۇم . قانداق سۆزۈم بولسا مەڭگۈ تاشقا يازدىم . ئۇنىڭغا قاراپ بىلىڭ . بەگلەر ۋە مىللەت بىر-بىرىگە ماسلاشمىغانلىقى ئۈچۈن ، چىن مىللىتى ھىلىگەر ۋە ساختىپەز بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئالدامچى بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئاكا-ئۇكىلار بىر-بىرىنى چۆشۈرگەنلىكى ئۈچۈن ، بەگ ۋە مىللەتنى ئۆزئارا سوقۇشتۇرغانلىقى ئۈچۈن تۈرك مىللىتى كۆكلەتكەن يۇرتىنى قولدىن بېرىپ قويدى . قاغان قىلغان قاغانىنى يوقاتتى . ئەركەك ئەۋلادىنى چىن مىللىتىگە قۇل قىلدى . خېنىم ، قىز ئەۋلادىنى دېدەك قىلدى . تۈرك بەگلىرى تۈرك نامىنى تاشلىدى . چىنلىق دېگەن نامنى ئېلىپ چىن ئەۋلادى بولۇپ . چىن قاغانىغا ئىتائەت قىلىدىغان بولدى . 50 يىل ئىشنى ،

كۆچىنى ئۇنىڭغا بەردى . شەرقتە كۈن چىقىشقا قەدەر ، غەربتە كۈن پېتىشقا قەدەر ئەسكەر ئېبەرتىپ ، چىن قاغانى نامىغا پۈتۈنلەي ئۆزيۇرتىنى ، ئۆرپە - ئادىتىنى ئىشغال قىلدى .

تۈرك خەلقى مۇنداق دېگەن ئىكەن : يۇرتىمىز بارئىدى ، ھازىر يۇرتۇم قېنى ؟ كىمگە يۇرت قازىنىمەن ؟ قاغانلىق مىللەت ئىدىم . قاغانىم قېنى ؟ قايسى قاغانىنىڭ پايدىسىغا ئىشلەيمەن ؟ شۇنداق دەپ چىن قاغانىغا دۈشمەن بوپتۇ . دۈشمەن بوپتۇ ، ئەمما ئۆزىنى بىر نىزامغا كىرگۈزەلمىگەنلىكى ئۈچۈن يەنە ئۇنىڭغا بوي ئېگىپتۇ . چىنلىق ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن شۇنچە ھەرىكەت قىلغانلىقىنى پەقەت چۈشەنمەستىن تۈرك مىللىتىنى ئۆلتۈرۈمەن ، يىلدىزىنى قۇرۇتىمەن دېگەن ئىكەن . خەلق يوق بولۇشقا يۈزلىنىپتۇ .

يۇقىرىدا تۈرك تەڭرىسى شۇنداق ئىرادە قىلىپ ، تۈرك مىللىتى يوق بولمىسۇن ، مىللەت بولسۇن دەپ ئاتام ئىلتەرىش قاغانىنى ۋە ئانام ئىل بىلگە خاتۇننى تۇتۇپ يوقىرى كۆتۈرۈپتۇ . ئاتام قاغان 17 ئەر بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ . ئۇ ئىسيان كۆتۈردى دەپ ئاڭلاپ شەھەردىكى تاققا چىقىپتۇ ، تاغدىكى چۈشۈپتۇ ، توپلىنىپ 70 ئەر بوپتۇ . تەڭرى كۈچ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاتام قاغانىنىڭ ئەسكىرى قۇرۇتتەك ئىكەن ، دۈشمىنى قويدەك ئىمىش . شەرق ۋە غەربكە ئەسكەر ئېبەرتىپ بىرىيەرگە توپلاپتۇ ، يىغىپتۇ . ھەممىسى 700 ئەر بوپتۇ . 700 ئەر بولۇپ ، يۇرتسىز قالغان ، قاغانسىز قالغان خەلقنى ، دىدەك بولغان ، قۇل بولغان خەلقنى ، تۈركلۈك ئۆرپە - ئادىتىنى يوقاتقان خەلقنى ئاتىلىرىمىنىڭ ئۆرپە - ئادىتىگە كەلتۈرۈپ يېتىشتۈرۈپتۇ ."

بىلگە قاغان كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئۆز زامانىسىغا قەدەر يۈزبەرگەن ۋەقەلەرنى شۇنداق بايان قىلغاندىن كېيىن ، مىللىتىگە مۇنداق خىتاب قىلىدۇ :

بىلگە قاغان كۆكتۈرك دىلالىتىنىڭ قورۇلۇشىدىن ئۆز زامانىسىغا قەدەر يۈزبەرگەن ۋەقەلەرنى شۇنداق بايان قىلغاندىن كېيىن ، مىللىتىگە مۇندىلىق خىتاب قىلىدۇ :

" تۈرك ئوغۇز بەگلىرى ئىشتىڭلار ! ئۈستىمىزدىكى ئاسمان ، ئاستىمىزدىكى يەر ئېرىلىپ كەتمىسە ، ئەي تۈرك مىللىتى دۆلىتىڭلارنى ، قانۇن - تۈزۈمىڭلارنى كىم بۇزۇۋاتالايدۇ .

تۈرك مىللىتى ۋازكەچ ، پۇشايمان قىل . باش باشتاپلىق قىلغىنىڭلار ئۈچۈن سىلەلانى يېقىۋاتقان قاغانىڭلار ، ھۆر ۋە مۇستەقىل گۈزەل دۆلىتىڭلار ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزدىڭلار . ئۇلارنى يامان ئاقىۋەتكە قويدۇڭلار . مۇقەددەس ئۆتۈكەن تورمانلىقىنى تاشلاپ كەتتىڭلار . شەرققە باردىڭلار ، غەربكە باردىڭلار .

باردىڭ ، نېمە كۆردۈڭ . قېنىڭ سۇدەك ئاقتى ، سۆڭەكلىرىڭ تاغدەك دۆۋىلەندى . بەگ بولىدىغان ئوغلۇڭ قۇل بولدى . خانىش بولىدىغان قىزىڭ دېدەك بولدى . قىلغان جاھىللىق ، ئەسكىلىكىڭ يۈزىدىن تاغام قاغان ئۆچۈپ كەتتى . "

بۇ سۆزلەردىن مەلۇم بولۇشىچە ، تۈرك مىللىتى ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك خەتەر ، ئۆزمەدەنىيىتىنى ، ئۆرپ ـ ئادىتىنى تاشلاپ ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىش ، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا بويسۇنماسلىق ، ۋاقىتلىق راھەتكە ئالدىنىپ كېلەچەكنى كۆرەلمەسلىكتۇر . بۇھەقتە ئەسلى جاۋاپكار بولىدىغانلار بولسا ، خەلقنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى كىشىلىرىدۇر . خەلق خەتەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ھالەتتە ، بەگلەر چىنلاشقانلىقى ( خىتايلاشقانلىقى ) ئۈچۈن خەلققا قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىپ رەھبەرلىك قىلالمىدى .

ئۇرخۇن ئابىدەلىرىنىڭ ئۈچىنجىسى ، ۋەزىر بىلگە تونيۇقۇق نامىغا ئورنىتىلغان . ئۇنۋانى بويىلا باغا تارقان بولغان تونيۇقۇق بۈيۈك بىر دۆلەت ئادىمى بولۇپ ھەم ئىلتەرىش قاغان ھەم قاپاغان قاغان ۋە بىلگە قاغان دەۋرلىرىدە كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ باش ۋەزىرى بولۇپ خىزمەت قىلغان . بۇ ئابىدەلەردىكى يازمىلارنى يازغان كىشى بولسا ، قاپاغان قاغاننىڭ كىچىك ئوغلى يولۇغ تېكىن ئىدى .

بىلگە قاغاندىن كېيىن كۆكتۈرك تەختىدە ئوغۇللىرى ئىجەن تۈرك بىلگە قاغان ۋە تەڭرى بىلگە قۇتلۇق قاغان ئولتۇردى . ئۇنىڭدىن كېيىن ھامان كىچىك ياشتىكى شاھزادىلەر قاغان بولۇپ ، بۇلارنىڭ زامانىدا دۆلەت ئىدارىسى ئانىلىرىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن دۆلەت ئاجىزلاشتى . نىھايەت 745 ـ يىلىدا توققۇز ئوغۇزلار ( ئۇيغۇرلار )

كۆكتۈرك ئائىلىسىنىڭ ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بېرىپ ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئولتۇردى . بۈيۈك كۆكتۈرك ئىمپېراتورلۇقىنىڭ شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قەبىلىسى بارئىدى . شەرق قاغانلىقى غەربتىكىدىن ئۈستۈن بولۇش بىلەن بىرگە شەرق قاغانى كىمىن تۆرە قاغاننىڭ ۋەفاتىدىن كېيىن ( 609 ) غەرب قاغانلىرى شەرقنى تونىماي مۇستەقىل بولغانىدى . غەرب قاغانلىرى بۇمىن قاغاننىڭ قېرىندىشى ئىستەمى قاغاننىڭ نەسلىدىن ئىدى . غەربىي كۆكتۈركلەرنىڭ بىرتەرەپتىن چىن ، يەنە بىرتەرەپتىن ئىران و بىزانس ۋە ئەرەب دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋىتى بارئىدى . ئىستەمىدىن كېيىن غەرب تەختىگە بىلگە تاردۇقاغان ، ئۇنىڭدىن كېيىن رەت بويىچە ئاپاقاغان ، ئىنال قاغان ، چۇلۇقاغان ، شەكۇقاغان ، تۇڭ يابغۇ قاغان ، باغاتۇرسەپى قاغان ئولتۇردى . 631 - يىلىدا غەربىي كۆكتۈركلەرنىڭ تەختى بۇمىن قاغاننىڭ ئوغۇللىرىغا ئۆتتى . 742 - يىلىدا غەربىي قاغانلىقى تۈركەش خاندانىنىڭ قولىغا ئۆتتى .

# ۋەتەن شەۋقىدە

## ئەھمەد توختى ھاجىم ئۇجاتى خوتەنىي

مۇھەررىردىن : بۇشېئىر سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى پىشقەدەم مۇھاجىرلىرىمىزدىن ئەھمەد توختى ھاجىمنىڭ يازغان شېئىرلىرىدىن بىر نەمۇنە بولۇپ ، مىللىي مۇجاھىدلىرىمىزدىن مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىينىڭ مۇھەررىر لىكىدە مىسىردا نەشىر قىلىنغان ئازاد تۈركىستان ئاملىق ژۇرنالىنىڭ 1955 - يىلى ( 8 - ئاي ) 3 - سانىدىن ئەينەن كۆچۈرۈپ ئېلىندى .

ۋەتەنىنىڭ شەۋقىدە بولدى يۈرەك باغرىم كۆيۈپ بەريان ،
ئەگەر كەلسە ۋەتەن يادىم ، كېتەر ئەقلىم ، كۆزۈم گىريان .

كېلىپتۇر بەئىزى يۇرتداشقا ۋەتەندىن كۆپ سالام خەتلەر ،
سالام بىينەدەتتىن سوڭ ۋەتەن ئەھۋالىنى يازغان .

تۇلا رۇس ئەھلىدىن بولمىش ئىلى ، ئالتاي بىلە چۆچەك ،
تۇلا چىن ئەھلىدىن بولمىش خوتەن ، كاشغەر ، كۆچار ، تۇرپان .

كەسىلمىش ئول ۋەتەنلەردە گۇناھسىز بىينەدەد باشلار .
قامالغاندىن تولۇپ تاشمىش شەھەرلەردە تەمام زىندان ،

تۈگەپ كەتمىش تەمام ياشلار قىزىللارغا بولۇپ ئاسكەر ،
زىرلۇم ئاستىدا ئۆلگەنمىش ئەزىزلەر ھەم قەرى ئىنسان .

تەمام كارخانەگە خىدمەتچى بولمىش كۆپ خاتۇن ـ قىزلار ،
گۆدەكلەر يىغلاشىپ قالمىش تالادا باقىشىپ ھەريان .

تەمام كولخوزغا ئۆتكەنمىش ھەمە يەرلەر بىلەن يايلاق ،
قىزىللار قولىغا ئۆتمىش تەمامى چوڭ ـ كىچىك ـ ھايۋان .

ئويۇنخانە ئۆچۈن سالمىش بۈيۈك ئالىي ئىمارەتلەر ،
ئېتىلمىش مەسجىدۇ جامى ، قىلىنمىش مەدرەسە ۋەيران .

ھەمە سەرمايىلەر بولمىش ئاساسسىز بىر قۇرۇق قەغەز ،
ئىكى مىڭ دوللارغا چىقمىش بازارلاردا كىچىك بىر نان .

سەبەب بىز پارچىلاندۇق ، بۇ فەلاكەت باشىمىز كەلدى ،
دېيان تاجىك بىلەن قىرغىز ، قازاق ھەم كاشغەرى ، ئەنجان .

ۋەتەننى ئاجراتىشقا بەك زۆرزۆر نەچچە سەبەب بار دۇر ،
ھەمەمىز ئىتتىپاق ئولماق بولۇب بىرتەن ئىلە بىر جان .

بەرابەرلىك ئىلە ئىخلاس يەنە بىرلىك ئىلە ئىشلەش ،
نىزام بىرلە سەياسەت ھەم ئوقۇماق فەن ئىلە ئىرفان .

ھ . 1374 ماھى شەۋۋالنىڭ 12 ـ كۈنى
تائىف ـ ھىجاز

# ھىلىگەر ۋەزىر

( ھېكايە )

قەدىمكى زاماندا ، يەھۇدىيلارنىڭ زالىم ، نىيسا ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن ، خىرىستىئانلارغا مىڭ بىر زۇلۇملارنى قىلىپ يوق قىلغان بىر پادىشاھ بولۇپ ، ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ھىلىگەر ۋە ئۇزاقچى بىر ۋەزىرى بارىدى . ھىلە ۋە ئۇزاق قۇرۇشتا شۇنداق ئۇستا ئىدىكى ، قىلغان ھىلىسى بىلەن گۈيا سۇنىمۇ توختىتاتتى . بۇ ھىلىگەر ۋەزىر بىركۈنى پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ :

ـ پادىشاھىم ! خىرىستىئانلار دىنلىرىنى يوشۇرۇپ ، ئۆزلىرىنى مۇھاپىزەت قىلدۇ . سەن ھەرقانچە ئۆلتۈرسەڭمۇ ئۇلارنى بىرتەرەپ قىلىپ ، تۈگۈتۈپ بولالمايسەن ، كىمنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقنى قانداق بىلىسەن .

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ :

ـ دەپ باقە ! ئەگەر ئۇنداق بولسا ، نەئاشكارا دىندار ، نە مەخپى دىندار قالماسلىقى ئۈچۈن نېمە قىلىش لازىم ، بۇنىڭ قانداق چارىسى بار ؟

ـ ۋەزىر ھىلىسىنى ئاڭلىتىشقا باشلايدۇ :

ـ پادىشاھىم ! سىز مېنىڭ قۇلقىمنى ۋە بۇرنۇمنى كېسىپ تاشلاڭ ، بۇرۇن ، قۇلاقلىرىمنى جاراھەتلەندۈرۈڭ ، ئۇندىن كېيىن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىپ دار ئالدىغا ئىبەرتىڭ . تام ئۆلتۈرلىدىغان زامان ، سىز سۆزىنى رەت قىلالمايدىغان بىرسى چىقىپ سىزدىن مېنىڭ قېنىمنى تىلىسۇن . بۇ ئىش ئادەملەر ناھايىتى كۆپ يەردە ، ئۇرغىرنلىغان ئادەملەرنىڭ ھۇزۇرىدا ئېلىپ بېرىلسۇن .

ـ سىز مېنى ئەپۇ قىلىپ يىراق بىريەرگە سۈرگۈن قىلىڭ . ئۇ ۋاقىتدا خىرىستىئانلار مەندىن گۇمان قىلمايدۇ ، مەنمۇ ئۇلارنىڭ دىنىنى بۇزۇپ ، ئۇلارنى يولدىن چىقىرىمەن . مەن

ئۇلارغا: " مەن مەخپىي خىرىستىئان بولغانىدىم. پادىشاھ بۇنى بىلىپ قېلىپ ماڭا مۇشۇنداق قىلدى "، مەن يىللاردىن بېرى دىنىمنى مەخپىي تۇتۇپ، ئۆزۈمنى پادىشاھنىڭ دىنىدا قىلىپ كۆرسەتتىم. ئەمما پادىشا بۇنى بىلىپ قالغاندىن كېيىن، ماڭا مۇشۇنداق زۇلۇم قىلدى. ئەگەر ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنىۋى كۈچى بولمىسا ئىدى مېنى پارام پارچە قىلىۋېتەتتى. مەن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ئۈچۈن جېنىمنى ئازراقمۇ ئاياپ قالمايمەن. ئەمما مەن بۇ دىنىنىڭ پۈتۈن سىر - ھېكمەتلىرىنى بىلمەن. بۇ دىنىنىڭ جاھىللار قولىدا قېلىشى ماڭا بۈيۈك بىر ئازاب بولىدۇ، دەيمەن " دېدى.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. ئويلاپ چىققان بۇ گۈزەل تەدبىرى ئۈچۈن ۋەزىرنى تەبرىكلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەزىرنىڭ دىگىنىنى قىلىپ، ئۇنى خىرىستىئانلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان بىر شەھەرگە سۈرگۈن قىلدى.

ۋەزىر ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىش بىلەنلا دەۋىتىنى باشلىۋەتتى.

" ئەي ئىنسانلار! ئەۋۇر ئىسا ئەلەيھىسسالام دىنىنىڭ دەۋرىدۇر. بۇ دىنىنىڭ مۇقەددەس سىر - ھېكمەتلىرىنى مەندىن ئاڭلاڭلار " دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ داڭقى ھەرتەرەپكە پۇركەتتى. سەممىي دىندارلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى.

ۋەزىر كورۇنۇشتە خىرىستىئان دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئاڭلىتاتتى. ئەمما بۇ ئۇلارنى تۇزاققا چۈشۈرۈدىغان بىر يەم ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەزىرنىڭ ئەتراپىغا يۈزلەرچە، مىڭلارچە ئىنسانلار توپلاندى. ھەركىم ئۇنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سەممىي بىر خەلىپىسى ھېساپلايتتى.

ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ۋەزىر پۈتۈن خىرىستىئانلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. بۇ ئارىدا پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئارىسىدا خەۋەر لەر بېرىپ كېلىپ تۇراتتى.

بۇ ۋاقىتدا ئىسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ 12 ئەمىرى بارئىدى. ھەر بىر پىرقە بىر ئەمىرگە باغلىق ئىدى. لېكىن پۈتۈن ئەمىرلەر ئۇ ۋەزىرغا چىن دىلىدىن باغلىق بولدى. ھەركىم

ئۇنىڭغا قەتئى ئىشىنەتتى . ھېچكىم ئۇنىڭ سەممى ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلمايتتى . ئەگەر ۋەزىر ئۆل دېسە ، ھەر ئەمىر ھامان ئۆلۈشكە ھازىر ئىدى .

ۋەزىر ھەر بىر ئەمىر ئۈچۈن بىردىن رىسالە يازدى . ھەر بىر كىتابتا ئايرىم بىر ۋەقە ، باشقا - باشقا مەسىلىلەر بايان قىلىناتتى . ھەر بىر كىتابتا يەنە بىرىنىڭ تام ئەكسىچە پىكىرلەر بايان قىلىناتتى . بىرسىدە ئاق دېيىلسە ، يەنەبىرسىدە چوقۇم قارا دېيىلەتتى .

بىرسىدە رىيازەت ۋە ئاچلىق تەۋبىنىڭ ئاساسى ۋە ئاللاھقا قايتىشنىڭ شەرتى دېيىلسە ، يەنە بىرسىدە رىيازەت پايدىسىز دېيىلەتتى .

بىرسىدە ئاچلىق ۋە سەدىقە پايدىسىز دېيىلسە ، يەنەبىرسىدە تام ئەكسىچە پايدىلىق دېيىلەتتى .

قىسقىسى ، ھېچبىرى يەنە بىرىگە ئوخشىمايتتى . ھەربىرى يەنە بىرىنىڭ تەتۈرسىچە ھۆكۈم قىلاتتى .

ۋەزىر بىر مۇددەتتىن كېيىن ، خەلققە قىلىدىغان ۋەز - نەسىھەتنى توختۇتۇپ ، يالغۇز تۇرۇشقا باشلىدى . 40 ، 50 كۈن يالغۇز تۇردى . ئۇنىڭغا ئىخلاسمەن بولۇپ ، سۆھبىتىدىن مەھرۇم قالغان خەلق دىۋانە مەجنۇن بولۇپ كەتتى . يىغلاپ يالۋۇرۇشتى . ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ ياندى . ئەمما ۋەزىر :

— " روھىم سىزلەر بىلەن بىرگە ، پەقەت تاشقىرى چىقىشقا رۇخسەت يوق " ، دېدى . ئۇلارنىڭ يىغلاشلىرىغا ، يالۋۇرۇشلىرىغا ئالدىراپ كەتمىدى .

بىر مۇددەتتىن كېيىن ئەمىرلەرنى ئايرىم - ئايرىم چاقىرىپ ، ھەر بىرىگە :

" مەندىن كېيىن بۇ دىننى سەن ئىھيا قىلىسەن ، مېنىڭ خەلىپەم پەقەت سەن ، ئەمما مەن ئۆلمەستىن بۇرۇن بۇنى قەتئى ئاشكارا قىلما " ، دەپ قولىغا بىر رىسالە تۇتقۇزدى ۋە :

" ھەققى دىن ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمىرلىرى بۇ رىسالىدە يېزىلدى ، بۇنىڭدىن باشقىلىرى خۇراپاتتۇر " دېدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشىكنى ئېتىپ ، ھېچكىمگە ئاچمىدى . 40 - كۈنى ئۆزىنى ئۆلتۈردى .

خەلق ۋەزىرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۆيەرگە يىغىلدى . ۋەزىرنىڭ مازىرى مەھشەرگاھقا ئايلاندى . تۆت تەرەپتىن كەلگەن ئىنسانلار كۈن ۋە ئايلارچە يىغلىشىپ ھازا تۇتتى . زامان ئۆتۈپ مۇسىۋەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن ، خەلق :

" ئەي ئەپەندىلەر ! ئۇ ئۇلۇغ كىشىنىڭ ئورنىغا كىم كېلىپ بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ ؟ ئۇ ئورنىغا چىقسۇن ، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كۆڭلىمىز تەسەللى تاپسۇن " ، دېيىشتى .

بۇنىڭ بىلەن ئەمىرلەردىن بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىپ :

" ئۇ ئۇلۇغ كىشى مېنى ۋەكىل قىلىپ خەلىپەلىككە تەيىن قىلدى ، ئەنە قولۇمدىكى رىسالە بۇنىڭ دەلىلىدۇر " دەپ ئورنىغا چىقتى . يەنە بىرسى :

" ياق ، ھەقىقى خەلىپە مەن " دېدى . قىسقىسى ، 12 ئەمىر خەلىپىلىك داۋاسىغا تۇتۇش قىلدى . ئورتىدا ئۇرغۇن قالايمىقانچىلىق چىقتى . خەلق بىر - بىرىگە ئازار بېرىشتى . بۇنىڭ بىلەن ۋەزىرنىڭ سالغان پىتنىسىنىڭ ئۇرۇغى ياشاردى . دىندارلار بىر - بىرى بىلەن زىددىيەت لەشتى ، شۇنىڭ بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى ، ئۇ مۇناپىق ۋەزىر مۇ ئۆلۈمى بەدىلىگە مەخسىتىگە يەتتى .

ئىلاۋە : بۇ قىسسە ھېكايە 13 - ئەسىر تۈرك تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى بولغان مەۋلانا جالالىددىن رۇمىينىڭ " مەسنەۋى " ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنىڭ نەسرلەشتۈرۈپ تەييارلانغان " مەسنەۋىيدىكى ھېكايىلەر " دېگەن كىتاپتىن تەرجىمە قىلىندى . بۇنىڭدىكى مەخسىتىمىز ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مۇناپىق ۋەزىرگە ئوخشاش ئالدامچى دىندار ، يالغانچى ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ تۇزاقلىرىدىن ساقلىنىش جەھەتتە مەلۇم پايدىسى تېگەر ، دېگەندىن ئىبارەت . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەركەن شەھرىدە مەلۇم بىرزامانلاردا بىر يەھۇدىي شەيخى بىر مەسجىدكە 40 يىل تاھارەتسىز ئىمام بولغانىكەن .

— مۇھەررىردىن

# شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مۇلاھىزە

بىلگە تېكىن

بىز تىلغا ئېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ( جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن ش . ئۇ . ئا . رايونى دەپ ئاتىلىدۇ ) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىگە جايلاشقان بۈيۈك بىر زېمىن بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 1.824.418 كىلومېتىر كېلىدۇ . جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتە ، شەرق ۋە شەرقىي جەنۇبتا جۇڭگو بىلەن ، شەرقىي شىمالدا موڭغولىيە بىلەن ، شىمالدا روسىيە فېدېراتسىيونى بىلەن ، غەربتە قازاقىستان ، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان بىلەن ، غەربىي جەنۇبتا ئافغانىستان ، كەشمىر ، پاكىستان ۋە ھىندىستان بىلەن ، جەنۇبتا تىبەت بىلەن چېگرالىنىدۇ . ئومۇمىي ئاھالىسى 25 مىليوندىن ئارتۇق تۈركلەر بولۇپ، ئاھالىنىڭ 98 % ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ . ( ھازىر بار بولغان چىنلىقلارنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ . ) مەركىزى ئۈرۈمچى .

بۇ زېمىن ئۇزۇن تارىختىن بېرى ئەمگەكچان ۋە باتۇر تۈرك خەلقىنىڭ ياشاش مەنبەسى بولۇپ ، ھازىرقى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تۈركلىرى ، ۋېنگرىيەلىكلەر ، ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان تۈركلەر مۇشۇ زېمىندىن غەربكە كۆچكەن تۈركلەرنىڭ داۋامىدۇر . دۇنيا تۈركلىرىنىڭ ئانا تۇپرىقى بولغان بۇ زېمىندا ياشىغان ئىجاتكار تۈرك خەلقلىرى مىلادىدىن بۇرۇنلا كۈچلۈك دۆلەتلىرى ۋە ئىمپىراتورلۇقلىرىنى قۇرۇپ ، دۇنيانىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسۈتۈش بىلەن تەڭ ، ئىلىم - پەن ، مەدەنىيەت ۋە باشقا تەرەپلەردە دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشقان . ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىيەسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا بۇ زېمىندا ياشىغان تۈركلەر ئەڭ

ئازبولغاندا 5مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ۋە 2500 يىلدىن ئارتۇق يىزىق يەنى يازما مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە . بۇندىن 1000 يىل بۇرۇن شەرقىي تۈركىستانلىق تىلشۇناس ۋە ئالىم مەھمۇت قەشقەرى تەرىپىدىن يىزىلىپ تاماملانغان " دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك " يەنى تۈركى تىللاردىۋانى ناملىق دۇنياغا مەشھۇر ئەسەرنىڭ مۇشۇزىمىندا مەيدانغا كىلىشىمۇ ، بۇ نوقتىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن ، بىزنى تىخىمۇنۇرغۇن تارىخى ئاساس ۋە مەنبە بىلەن تەمىنلەيدۇ .

دۇنيا قەدىمكى زامان مەدەنىي مىراسلىرىدىن بولغان " پىلەغۇزىسىدىن يىپەك چىقىرىش تىخنىكىسى " " قەغەز ياساش تىخنىكىسى " " مىلتىق دورىسى ياساش تىخنىكىسى " ۋە " مىخ مەتبە ئارقىلىق خەت بىسىش تىخنىكىسى " قاتارلىق مەشھۇر كەشپىياتلار مۇشۇ زىمىندا ياشىغان تۈركلەر تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان .

تارىختا داڭلىق بولغان « يىپەك يولى » شەرقىي تۈركىستاندىن باشلىنىپ ، ئوتتۇرا ئاسىيا ، ياۋرۇپا، ئافرىقا قىتئەلىرىگە يىتىپ بارغان ۋە بۇجايلار بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدا ھەرتۈرلۈك سودا ۋە مەدەنىيەت ئالمىشىشتا مۇھىم رول ئوينىغان . ناھايىتى ئىنىقكى « يىپەك يولى » دەپ ئاتالغان بۇسودا كارۋانلىرىنىڭ يولى قانداقتۇر نوقۇل ھالەتتىكى سودا يولى بولۇپ قالماستىن ، ئىككى رايون ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ، مائارىپ ۋە ھەرتۈرلۈك ئىجابىي ئامىللارنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىش ۋاستىسى ياكى كۆۋرۈكى ئىدى . يۇقىرىقىدەك سەۋەپلەر تۈپەيلى ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئىلىپ بىرىۋاتقان غەرب دۆلەتلىرىدىكى ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىم دەريا ۋادىلىرىدۇر . دۇنيا قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچىنى پەقەتلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىم ۋە تەكلىماكان چۆللۈكلىرىدىن تىپىش مۇمكىن دىگەن ئىلمىي يەكۈننى چىقاردى . بۇ قانداقتۇر ئاساسسىز ئىيتىلغان سۆزئەمەس .

ئۇزاق قەدىم زاماندا شۇقەدەر يۈكسەك مەدەنىيەت ئە ھۆر - سەنئەتنىڭ ساھىبى بولغان بۇ قەدىم مىللەت مىلادىدىن ئىلگىرى ۋە كىيىن ئاسىيا ۋە ياۋرۇپادا كۈچلۈك دۆلەت ۋە ئىمپىراتورلۇقلارنى قۇرغاندى . بۇلاردىن تارىخ ئالەمگە ناھايىتى تونۇش بولغان ھون

ئىمپىراتورلۇقى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان قۇدرەتلىك ئىمپىراتورلۇق ئىدى . ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن يەنە ئۇيغۇرلار دۆلىتى ، كۆكتۈرك دۆلىتى ، كىرشان دۆلىتى ، سىيانپى بىرلەشمە دۆلىتى ، تۈيا تۈرك دۆلىتى ، قۇتلۇق تۈركەش دۆلىتى ، قارلۇق دۆلىتى قاتارلىق دۆلەتلەرنى قۇرۇپ ، ئۆزئىلىنى مۇستەھكەملەپ ، خەلقىنى رۇناق تاپقۇزغانىدى .

مىلادى 932 - يىلى بۈيۈك قاراخانىلار خاقانلىقىنىڭ خاقانى ئابدۇلكەرىم سۇلتان ساتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان مىللىي يەرلىك مەدەنىيەت ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن بۇزىمىندا دۇنياغا تونۇلغان بۈيۈك ئالىملار ، تارىخچىلار ، مۇزىكاشۇناسلار ، ۋە تىلشۇناس ئەدىپلەر يېتىشىپ چىقتى . بۇلاردىن 9 - ئەسىردە قاراخانىلارۋلىتىگەتەۋە سىردەرياسىنىڭ بويلىرىدىكى پاراب شەھرىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇر ، مۇزىكاشۇناس ۋە پەيلاسوپ ئەبۇنەسرى فارابى ، تىلشۇنلس ۋە ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ شۇ زاماندا مەيدانغاكەلگەن « تۈركى تىللاردىۋانى » ناملىق ئەسىرى ، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ « قۇتاتغۇ بىلىك » ناملىق مەشھۇر ئەسىرى ، ئەدىپ ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىقلار ئۆززامانىسىدىلائەمەس ، ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ دۇنيا ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە قوشقان بۈيۈك تۆھپىسى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن تەڭ تارىخ مۇنبىرىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئىلىۋاتىدۇ .

قاراخانىلار خانلىقىدىن كېيىن 15 - ئەسىردە قۇرۇلغان سەئىدىيە خانلىقى بىرمەزگىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ ، دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان كۈچلۈك دۆلەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنىدى . 1759 - يىلى مانجۇلار 1 - قېتىم شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەندىن تا ھازىرغىچە بۇ قەدىمىي زېمىن ئۆزىنىڭ تارىختىكى يىرىم قۇللۇق ، مۇستەملىكە ۋە ئېچىنىشلىق تارىخىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ كەلدى . شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخ سەھىپىسىدىكى شەرەپلىك نامى بارا - بارا ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى . چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن بۇ تارىخى جەريانلارنى تۆۋەندىكىدەك ئىزاھلايمىز :

1 - 1759 - يىلدىن 1864 يىلغىچە 1 - ئىستىلا يەنى مانجۇ ئىستىلاسى دەۋرى .

2 - 1877 - يىلدىن 1911 - يىلغىچە 2 - ئىستىلا يەنى 2 - مانجۇ ئىستىلاسى دەۋرى .

ئىلاۋە : 1864 - يىلى ياقۇببەگ باشچىلىقىدىكى قەشقەرنى مەركەزقىلغان قەشقەرىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ ، 1877 - يىلغا قەدەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى .

3 - 1911 - يىلدىن 1943 - يىلغاقەدەر 3 - ئىستىلا يەنى قاراختاي ئىستىلاسى دەۋرى .

ئىلاۋە : 1933 - يىلى قەشقەرنى مەركەز قىلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى ، ئەمما تۇڭگانلار ۋە خارا ختايلار ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى .

4 - 1945 - يىلدىن 1949 - يىلغا قەدەر 4 - ئىستىلا يەنى بىرلەشمە ھۆكۈمەت دەۋرى .

ئىلاۋە : 1943 - يىلى غولجىنى مەركەز قىلغان ئەخمەدجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى . 1949 - يىلى كوممۇنىستلارنىڭ ۋەكىلى بولغان ستالىن ۋە ماۋزېدۇڭ تەرىپىدىن پىلانلانغان سۇيىقەست بىلەن باستۇرۇلدى .

5 - 1949 - يىلدىن بۈگۈنگىچە قەدەر 5 - ئىستىلا يەنى قىزىل ختاي ئىشغالى دەۋرى .

يوقىرىدا قەيىت قىلغىنىمىزدەك ، ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ، مانجۇلار ، خاراختايلار ، پىزىل ختايلار نىڭ ئارقىمۇ ئارقا تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان شەرقىي تۈركىستان بارغانسىرى زۇلۇم ئىسكەنجىسىدە ئادىزلىشىپ ، ۋەيرانچىلىق ۋە خارابلىقنىڭ پاتقىقىغا پېتىشقا باشلىدى . ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈكتىن مەھرۇم قىلىندى . لېكىن مۇشۇ ۋاقىتلارغا كەلگۈچە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ زۇلەم ۋە ئاسارەتكە قارشى كۆرەشلىرى بىرمىنۇت توختىماستىن داۋام قىلماقتا . مانجۇلار ئىستىلاسى دەۋرىدە يەنى 1911 - يىلى تۇنىۇرخەلپە باشچىلىقىدىكى دىخانلار ئورۇشى ، 1931 يىلدىكى خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دىخانلار ئورۇشى ، 1932 - ۋە 1933 - يىللىرى خوتەن ۋە قەشقەردە قۇرۇلغان خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋۇ 1944 - يىلى غولجىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قاتارلىقلار ، ئۆتكەن تارىخىمىزدا يۈزبەرگەن خەلقىمىزنىڭ ئازاتلىق ۋە ھۆرلۈك

ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قەھرىمانلارچە كۈرەش تارىخىنىڭ مىساللىرىدۇر . گەرچە يۇقىرىقى ئىنقىلاپلىرىمىز كۈچلۈك دۈشمەننىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى كوممۇنىستلىك ھاكىمىيەتلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، ئورتاق پىلانلىشى بىلەن مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ ، خۇددى قۇياش نۇرىنى ئىتەك بىلەن ياپقىلى بولمىغاندەك شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ ئۆزمىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مۇجادىلىلىرىنى توختاتقىلى بولمايدۇ . خەلق مۇستەقىللىققا ، ھۆرلۈككە ، ئىنسانلارغا خاس ئىنسانىي ۋە دىنىي ھوقۇققا مۇھتاج . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ھەرقانچە ۋەھشىي بولغان كوممۇنىستلىك زۇلۇم ۋە دىكتاتۇرمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ . قانچە يىللىق ئەمەلىيەت بۇنى ئىسپاتلايدۇ .

1949 - يىلى چىن تارىخىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ، خارا خىتاي ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلدى ۋە قىزىل چىن كوممۇنىزىم بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى . شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىمۇ كوممۇنىستلىك تۈزۈمنىڭ ئىنسان ئىشەنمىگۈدەك زۇلمى ئاستىدا ، ئۆزىنىڭ تارىختىكى ئەڭ پاجىئەلىك ھاياتىنى باشلىدى .

مۇممۇنىستلىك تۈزۈم ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ، شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ بايلىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان بۇ مۇسۇلمان زېمىندا نېمە ئىشلار بۇزبەرگىنىنى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ قايسى ھالدا ئىكەنلىكىنى ، ئىقتىسادى ، سىياسىي ۋە باشقا جەھەتلەردە نېمىلەرنىڭ بولغانلىقىنى تۆۋەندە تونۇشتۇرىمىز.

داۋامى كېيىنكى ساندا .

# كوزدىنمو ، كوڭۈلدىنمو يىراق خەلق ـ ئۇيغورلار

جەيدا قاران

رادىكال گېزىتى 24 ـ ئاپرېل 2000 ـ يىل ئىستانبول ـ توركيە

## بىر مەدەنىيەتنىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىسى

كۆكتۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن مىلادى 754 ـ يىلدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇنجى دۆلەتلىرىنى قورغان ۋە 10 ـ ئەسىردە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇرلار 18 ـ ئەسىرگىچە موستەقىل ياشاپ كەلدى .

مانجۇ سۇلالىسى دەۋرىدە 1795 ـ خىتايلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان بولىسىمو ، 1864 ـ يىلى موستەقىل دۆلەت قۇرۇشقا مۇيەسسەر بۇلالىدى . ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى چارروسىيە ۋە ئەنگلىيە دۆلەتلىرى تەرىپىدىن تونۇلغان بۇ شەرقىي تۈركىستان، 1878 ـ يىلى خىتايلار تەرىپىدىن تەكرار ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ئورنىغا باشقىچە بىر نام چىقتى. .ئىشغالىيەتچى خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنىگە ئاتالمىش شىنجاڭ ( يېڭى قوشۇۋېلىنغان تۇپراق ) دېگەن نامنى قويۇپ قويدى. بۇ ئىشغال دەۋرىدە بىر مىليون ئۇيغۇرختاي قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. 500 مىڭ كىشى قوشنا ئەللەرگەسۈرگۈن قىلىندى.

1911 ـ يىلدا خىتايدىكى ئىنقىلاپتا مانجۇ سۇلالىسى يىقىلدى. سونجوڭسەن

رەھبەرلىكىدىكى ئاتالمىش مىللەتچى گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئىشغالىيەت ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھوقۇقىنى بىرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. ئەمما « چوڭ خىتاي مىللەتلەر ئائىلىسى » خىيالىغا چۆمگەن جاڭ كەيشى بۇ ئۈمىدنى ھەم يوق قىلىپ تاشلىدى.

1933 - يىلدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى پەقەت بىر يىللا ياشىدى.

1944 - يىلدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى نەتىجىسىدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بولسا ستالىنىنىڭ 1949 - يىلدىكى خىيانىتىگە قەدەر داۋام قىلدى.

بېيجىڭ قىزىل خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان جومھورىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى قايتىپ كىلەلمىدى. خىتايلار بۇ رەھبەرلەر چوشكەن ئايروپىلاننى ئالمۇتادا بۇزۇلۇپ چۈشۈپ كېتىش نەتىجىسىدە ۋاپات بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسىمو ، سابىق بىر ك گ ب جاسۇسى ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە شەرقىي توركىستان رەھبەرلىرىنىڭ موسكۋادا ك گ ب زىندانلىرىدا قىيىن قىستاق ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىش نەتىجىسىدە ئۆلتۈرۈلگە نلىكىنى پاش قىلدى .

1955 - يىلدا خىتاي ھۆكۈمىتى ئىشغالىيىتىدىكى ئۆلكىلەردە يېڭى ئاپتونوم رايونلار تەسىس قىلىندى.

چەتئەللەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان شەرقىي تۈركىستان رەھبەرلىرىدىن ئەيسا يۇسۇپ ئالىپ تېكىن تۈركىيەگە كېلىپ يەرلەشتى. ئۇ مەسئۇد يىلماز ھۆكۈمىتىنىڭ 1998 - يىلدىكى ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى مەنئى قىلغان مەخپى ئۇقتۇرۇشنى كۆرەلمەي ، 1995 - يىلى 95 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ « ئىستانبولنى كورمىگەن كىشى دونياغا كەلمىدىم دېسە بولىدۇ» ، دېگەن ئاتا سۆزى بىلەن ئەبەدىيلەشكەن ئىستانبولغا دەپنە قىلىندى.

بەزى خەلقلەر باركى ھەممە ئادەم قارايدو پەقەت كۆرمەيدو. كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدۇ. قەدىمىي تارىخلاردىن بىرى دەرت ئەلەمنىڭ ھېچ بىرسىنىڭ كەم بولمىغاتلىقىنى ھېس قىلمىغان ئىشغال، زوراۋانلىق، ئىرقىي كەمسىتىش دېگەن ئاتالغۇلار ھېچقاچان بو دەرىجىدە ۋۇجوتقا چىقمىغان. «مەدەنى» غەرب مىللەتلىرىدەك ئەقلىمىزگە يالغۇز يەھودىيلار، كوسوۋا ۋە چېچەنىستان كەلگەن بولسا بەك ئالدانغان بولىسىز. ئەگەر ئۇيغۇر نامىنى ئىشىتمىگەن بولسىڭىز، بىزدە بىلمىگەن ئەيىپ ئەمەس، ئۆگەنمىگەن ئەيىپ دېگەن گەپ بار. كىم بىلىدو، بەلكى كۆپ ئۇزاقتىكى تۇققانلىرىمىز ئۇيغۇرلار مۇ شونداق دېسە كېرەك. ھالبوكى، بىز ئۇلار بىلەن ئەينى تىلدا سۆزلىشىمىز.

ئولار بەلكى 21 - ئەسىرنىڭ قارا تەلەيلىك خەلقى. ئىرقى قىرغىنچىلىققا، قەتلىئامغا ئوچرىغان نۇرغۇن خەلقلار ئاخىرىدا كون يوزى كوردى. ئەمما تارىخىي يىپەك يولىنىڭ كىندىكىدە ئولتۇرغان ئۇيغۇرلارغا ئوز يۇرۇتلىرىدا كىشەن سىلىندى.

ئۇلاردۇنيانىڭ كۆزىدىنمو، كۆڭلىدىنمو يىراقتا قالغان ئۆگەي ئەۋلاد بولدى. بېشىغا چۈشكەن ئاتوم بومبىلىرى بىلەن پۈت قوللىرى يۇلۇنغان ئەۋلاد. ئۇلار بوددىزىم ئاشقى غەربلىكلەرنىڭ ئالىجاناپلىقىدىن پايدىلانغان تىبەتلىكلەرگە ئوخشاش «مەشھور» بولالمىدى ۋەيا كوسوۋا خەلقىگە ئوخشاش غەرب مەدەنىيىتىگە يېقىن بىرجوغراپىۋى دائىرىدە ياشىغانلىقىنىڭ پايدىسىنى كۆرەلمىدى. ئۇلار ئەجدەرھانىڭ قوللىرىدا ھازىرغىچە ياشاپ كەلمەكتە.

ئەمما ئۇ يەردە بىرخەلق بار، ئۇ بەك ئۇزاقتا. تۈرك ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بۆشىگى بولغان بۈيۈك ۋە قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرغان ۋە بۈيۈك ھالاكەتلەرگە ئۇچرىغان بىر مەدەنىيەت. زېھنىلىرىمىزدا باشلانغوچ مەكتەپلەردە تارىخ كىتاپلاردا ئىزى قالغان دىۋانى لوغەتىتتۈركنىڭ مۇئەللىپى مەھمۇت قەشقىرى، قۇتادغۇ بىلىكنىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆلكىسى. ھەيران

قالارلىق بىر ئىش، بۇ مەدەنىيەت، بۇ ئۆلكە ئۇيغۇر قىرىنداشلىرىمىزغا زۇلۇم قىلغۇاتقانلارنىڭ باشلىقىنىڭ تۈركىيەگە زىيارىتى بىلەن بىرلىكتە يەنى شەرقىي تۈركىستاننى 50 يىل بۇرۇن ئىشغال قىلغۇالغان خىتاي دۆلەت باشلىقى جاڭ زېمىن بىلەن بىرلىكتەئەندىلا كۆنتەرتىۋىمىزگە كىردى. جاڭ كېيىنكى يىللاردا ئۇيغۇرلارغا پۈتۈن ئىشكىلەرنى ئىتىش ئۈچۈن ئاخىرقى قەدەمنى باستى. يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ زۇلۇم ۋە ئىسكەنجىسىدىن قېچىپ تۈركىيەگە پانالىق تىلەپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن ئۇرۇندى ۋە توستى.

ئەنقەرەدىكى دۆلەت ئەركانىغا جېقىراق تاۋۇش بىلەن پاۋارۇتتىنىڭ «مېنىڭ يالغۇز قۇياشىم» دىگەن ئارىياسىنى ئېيتىپ بەردى ۋە جاڭ زېمىن بۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن دۆلەت لاياقەتلىك مىدالى بىلەن مۇكاپاتلاندى.

لوپنۇر پولگۇنىدا ئاخىرقى 30 يىلدا نوپۇسىنىڭ 10 % راك كىسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بۇ مەزلۇم خەلقنىڭ تارتقانلىرىغا مۇقابىل تۆپىلەپ دۆلەت رەئىسى سولايمان دېمىرەل ئۇيغۇرلارغا بىر «كۆرۈك» لۈك ۋەزىپىسىنى يۈكلەپ قويىدى. خوددى ھازىرغا قەدەر خىتايلار تەرىپىدىن پۈت ئېيتىدىغان كونا پالاسقا ئوخشاش دەسسەلمىگەندەك.

## خىتاي ئۇسۇلىئاپتونومىيە

21 ـ ئەسىردە شەرقىي تۈركىستان دۇنيانىڭ باشتا كەلگەن بازىرى بولۇشقا نامزات. خىتاينىڭ شىمالىغا جايلاشقان ۋە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى يەر كۆلىمىنىڭ 6 دىن 1 قىسمىنى تەشكىل قىلغان، خىتايلار «شىنجاڭ» دەپ ئاتىۋالغان شەرقىي تۈركىستان 1955ـ يىلدىن بېرى ئاپتونۇم رايون. ئەمما بۇ ئاپتونومىيە ئۇيغۇرلار ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدۇ دېگەن مەنانى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى

خىتاينىڭ ئاپتونومىيە ئۇسۇلى بىز بىلگەن ئاپتونومىيە ئۇسۇلىغا ئوخشىمايدۇ. خىتايلار 90 % كۆچكە ئىگە. مەسىلەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 9 ئەزادىن تەشكىل تاپقان. بۇلاردىن 3 ى ئۇيغۇر، بىرسى قازاق، قالغىنى خىتاي. پەقەت 1955 - يىلدا خىتايلارنىڭ نىسپىتى 3 % بولغان بولسىمۇ 31 ۋەكىلدىن 29 ى يەرلىك خەلقتىن تەشكىل تاپقان ئىدى.

خىتايدىن غەربكە توغرا ئۆتىدىغان يىپەك يولىنىڭ مەنزىلىدە ئورۇن ئالغان بۇ تۇپراقنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلار مول نېفىت، ئالتۇن، ئورانىيوم ۋە كۆمۈر كانلىرىنىڭ بەدىلىنى تۆلەۋاتىدۇ. بەلكى بېيجىڭدىكى ئىدارە چىلەر يىللاردىن بېرى بۇ مەنبەلەرنى ئىنساپسىز شەكىلدە شورىماقتا. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ 80 % بولسا يوقسۇللۇق ئاستىدا ھايات كەچۈرمەكتە. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بېيجىڭ ئىدارىسىدىكى ئىقتىسادى مەنبەلىرىگە سۆزى ئۆتمەيدۇ.

1950- يىلدا قۇرۇلغان شىنجاڭ بىڭتۇەن قىسىملىرى بولسا ئۆلكىنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادى مەنبەلىرىگە ئىگە بولىۋالغان. ئەنگىلىيەنىڭ « ئېكونومىست » ژورنىلىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا دۆلەت ئىچىدە دۆلەت بولىۋالغان بولاڭچىلارقوشۇنىنىڭ ئىگىلىكىدە 7.4 مىليون مو تېرىلغو يەر، 172 يېزا ئىگىلىك مەيدانى، 344 تۆرلۈك قۇرۇلۇش ، 500 مەكتەب، 200 دوختۇرخانا ۋە 46 تەتقىقات ئىنىستىپتوتىنى كۇنترول قىلىدۇ.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مائارىپ ئۇيغۇرلارنى كۆرمەسلىككە سالماقتا. شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 % مەكتەپتەدەرس خىتاي تىلى بىلەن بولىدۇ. ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 60 % ساۋاتسىز. ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ 97 % سى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشتىن مەھروم. ئالىي بىلىم يۇرتىنى تۈگەتكەن ئۇيغۇر ياشلىرى كۆك ياقىلىق ئىشچى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. تارىختا بونداق ئىرقى قىرغىنچىلىق كۆرۈلۈپ باقمىغان.

خىتاي 1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن بېرى خەلق ئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئوخشاش ئېتىبارلىق تەشكىلاتلارنىڭ دوكىلاتلىرىدا

تەكىتلەنگىنىدەك ، شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي سىپىتىملىق بىرشەكىلدە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارماقتا. بۇ سىياسەتلەرنىڭ بىر قانچە خىل شەكلى بولۇپ ، بۇلاردىن مۇھىمى شەرقىي تۈركىستانغا داۋاملىق سۈرئەتتە خىتاي يەرلەشتۈرۈش سىياستىدۇر.

خىتاي دائىرىلىرىنىڭ رەسمىي باياناتىغا كۆرە 1990 - يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندىكى 16 مىليون ئاھالىنىڭ 7.5 مىليونى ئۇيغۇر، بىرمىليون قازاق، قالغىنى قىرغىز، موڭغول ۋە ئۆزبەككە ئوخشاش مىللەتلەردىن ئىبارەت. بۇنىڭ يېنىدا 6.5 مىليون خىتاي بار.

ھالبۇكى 1949 - يىلدا شەرقىي تۈركىستاندا 300 مىڭ خىتاي ۋە بېيجىڭنىڭ 500 مىڭ ئەسكىرى بارئىدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگىرلىرىغا كېيىنكى يىللاردا 40 مىڭ خىتاي جىنايەتچىلىرى ئېلىپ كېلىندى. بۇلارنىڭ ھېچ بىرى جازاسى تۈگىگەندىن كېيىن، خىتايغا يەنى يۇرتلىرىغا قايتىپ كەتمەيۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ جىنايەتچىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئولتۇراقلىشىشىنى قوللىماقتا ۋە ئائىلەلىرىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشكە، ئىسلاھ قىلىنغان يېزائىگىلىك مەيدانلىرى ۋە ئىش ئورۇنلىرى قۇرۇشىغا ياردەم قىلماقتا.

دۇنيانىڭ ئەڭ كۆپ نوپۇسىغا ئىگە خىتاي تۇغۇت سىياستى (بىر بالىلىق بولۇش) نى شەرقىي تۈركىستاندا ئالاھىدە شەكىلدە ئىجرا قىلماقتا.

خىتاينىڭ تۇغۇت قانۇنىغا كۆرە شەھەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارغا 2 بالىلىق، يېزىدىكىلەرگە 3 بالىلىق بولۇش ھەققى تونولغان. ئەمما خىتايلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىن ( مەركىزى خىتاي ئۆلكىلىرىدىن ) ئوخشىمىغان شەكىلدە شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ ياشىغان خىتايلارغا ھەم ئىككى بالىلىق بولۇش ھەققى بېرىلگەن. بىر ئۇيغۇر دېھقان ئائىلىسى بالىلىق بولۇش ئۈچۈن ئاۋال ھۆكۈمەتتىن ئىجازەت ئېلىشى كېرەك. ئەمما خىتايلارنىڭ ئەڭ ۋەھشى « ئىجرائاتى » ئاياللارنى

مەجبۇرى تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە زورلۇق بىلەن بالىسىنى ئالدۇرۇۋېتىش. شەرقىي تۈركىستاندا 1991- يىلى بىر شەھەردە 18 مىڭدىن ئارتۇق بالىنى ئوپېراتسىيەقىلىپ ئېلىپ تاشلاش ھادىسىسى يۈزبەرگەن.

ئىرقى قىرغىنچىلىقنىڭ ئەڭ كەسكىن ۋاستىسى بېيجىڭ دائىرەلىرىنىڭ 30 يىلدىن بېرى تەكلىماكان چۆللۈكىدە 64 قېتىم ئاتوم سىناق قىلىشىدۇر. 1995 - يىلى 17 - ئاۋغۇست كۈنى ئېلىپ بارغان ئاتوم سىنىقى ئامرىكىنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا ياپونىيەنىڭ خىروشىما شەھىرىگە ئاتقان ئاتوم بومبىسىدىن تىخىمۇ كۈچلۈك بولغانلىقى مەلۇم بولماقتا. خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىنىڭ راپورلىرىغا قارىغاندا رادىئاكتىپ سەۋەبىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 210 مىڭدىن ئاشىدۇ.

ب. د. ت قارمىقىدىكى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ راپورىغا كۆرە شەرقىي تۈركىستاندا 1975 - يىلدىن 1985- يىلغىچە قان رېكى كىسەللىكى 7 ھەسسە كوپەيگەن. شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ 10 % پىرسەنتى راك كىسىلى بىلەن كۆرەش قىلماقتا.

يەنە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ 1988 - يىلدىكى راپورىغا قارىغاندا خوتەن، يەركەن ۋە قاراقاش رايونلىرىدا 3 مىڭ 961 كىشى سەۋەبى نامەلۇم كىسەللىك بىلەن ئۆلگەن.

شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇھىت بۇلغۇنۇش ھالاكىتى ئۆلۈك، ئىككى باشلىق، جىگەرسىز، قول ۋە پاچاقلىرى يوق ئاجايىپ ۋە كىشىنى دەھشەتكە سالىدىغان بوۋاقلارنىڭ تۇغۇلىشىغا سەۋەپ بولماقتا.

مەسىلىنىڭ تىخىمۇ يامان تەرىپى شوكى، خىتاي دائىرەلىرى ئاتوم سىنىقى قىلىشتىن بۇرۇن ئەتراپتىكى ئائىلىلەرنى كۆچۈرۈشنى بولسىمۇ لازىم كۆرمەيدۇ.

## خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا ئەبولا مىكروبى يېتىشتۈرمەكتە

سابىق سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ يادرو ۋە باكتېرىيولوگىيىلىك قورال ياساش پروگراممىسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن كەن ئالىبەك ئا. ق. ش غا قاچقاندىن كېيىن 1992 - يىلدا يازغان « بىيئوھا زارد » ناملىق كىتابىدا يازغىنىغا قارىغاندا، خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بوستۇن كۆلى يېقىنىدىكى مالەن شەھرىدە خىتايلارنىڭ مەخپىي ئاتوم بازىسى بار. ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللار ئولتۇراقلاشقان يېزا كەنتلەردىن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ھەربىي بازىدا، ئافرىقىدىمۇ كەم ئۇچرايدىغان ئەبولا ۋە ماربورگ باكتېرىيەلىرى مەۋجۇت بولغان. بۇ مەلۇماتلارغا قارىغاندا خىتاي ھۆكۈمىتى تا 1980- يىللاردا باكتېر يولوگىيىلىك قوراللارنى ياسىغانلىقى ۋە تەرەققى قىلدۇرغانلىقى ئېنىق. 1980 - يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا ئېنىق سانى بىلىنمىگەن ( 1 - ۋە 2 - نومۇرلۇق دەپ نام قويغان كىسەللىكلەر) بونىڭ دەلىلى.

خىتايلارنىڭ « جەننەت بەك ئېگىزدە، ئەمما ئىمپىراتور بەك ئۇزاقتا » دېگەن ماقالىسى بار. بېيجىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن 3200 كىلو مېتىر ئۇزاقلىقتا. ئەمما خىتايلار بو ئۆلكىنى ھەرگىز ئۇنۇتمايدو. خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر ئۇچىدىن يەنەبىر ئۇچىغا قەدەرسائەت ۋاقتىنى بېيجىڭ ۋاقتى قىلىپ بېكىتكەن.

شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە تەيۋەن خىتاينىڭ يۇمشاق يۈرىكى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېمىرىلىشى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇلارنىڭ ئازاتلىق ئۈمىدى جانلاندى. ھازىر شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان 60 تىن ئارتۇق تەشكىلاتى بار.

كېينكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا 138 قېتىم قوزغىلاڭ بولدى ۋە بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسى خىتايلار تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلدى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ باياناتىغا قارىغاندا 1997 - يىلى بىرىنچى ئايدىن ھازىرغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي دائىرەلىرى 210 كىشىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان بولۇپ ، بولاردىن 190 كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. خەلقئارا

كەچورروم تەشكىلاتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئوققا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش، قىيناش ۋە ئىسكەنجە ئاستىدا ئۆلتۈرۈش، يوق يەردىن تۇتۇپ سولاش قاتارلىق ئىنسان قىلىپىدىن چىققان جىنايى قىلمىشلىرى ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنى قاتتىق ئەيىپلەپ كەلمەكتە.

1998 - يىلىنىڭ دېكابىر ئىيدا 18 ئۆلكىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان 24 ئۇيغۇر تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى 50 مىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق ياشاۋاتقان تۈركىيە- ئىستانبولدا بىر ئارىغا كەلدى. بو رەھبەرلەر سۈرگۈندىكى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ سىگنالىنى بەرگەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنى قۇرۇپ چىقتى. بو مەركەزنىڭ رەئىسلىكىگە تۈركىيە ئارمىيىسىدىن پېنسىيەگە چىققان ئۇيغۇر گېنېرال مۇھەممەد رىزا بېكىننى سايلىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ۋەھشى سىياستى شەرقىي تۈركىستاننى پارتلاشقا ھازىر بولغان بومبىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئەمما خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلىۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرىغا دۇنيانىڭ نوپۇز ئىگىلىرى ھېچقانداق بىر قارشىلىق كۆرسەتمەيۋاتىدۇ. ھەممە كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغىغان مىليارتلىق خىتاي بازىرى تۇرغان يەردە ئۇيغۇرلارنى كىممۇ ئويلاپ قويسون! قانداقلا بولسا خىتايغا بىردانىدىن سېغىز ساتسا بىرمىليارت سېغىز سىتىۋالىدۇ ۋە چوڭ پايدا ئالىدۇ دېگەن خام خىيالى بار.

ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ يالغۇز ئېلىپ بېرىۋاتقىنى ئازاتلىق ۋە موستەقىللىق سوقۇشى ئەمەس، پەقەتلا يوق بولماسلىق كۆرىشى!!!

خىتاينى ۋەھشىلىكتىن توختىتا دەيدىغان بىر ئاۋاز ؟

كۆزلىرى كور، يۈرەكلىرى تاشقا ئايلانغان بىر دونيا.

ئاخىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىدىن بۇرۇن دۇنيانىڭ قۇلاق سېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ بۇ ماقالەمنى يازدىم.

# بىزنىڭ ئالىمدارلىرىمىز

1985 - يىلدىن بويان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرىدىن تۈركىيەگە 100 لەرچە ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ، تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى بىلىم يۇرتلىرىغا ئورۇنلىشىپ ئىلىم دەرگاھىغا نائىل بولۇشتى . ئۇلاردىن نەچچىسى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇدى ، نەچچىسى ماجىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى ، بىر قانچىسى دوكتورلۇق ئالىي ئۇنۋانىغا مۇشەررەپ بولدى . ئەنە شۇ دوكتورلۇق ئالىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەردىن بىرسى دوكتور ئالىمجان ئىنايەتتۇر .

ئالىمجان 1962 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۇرپان شەھىرىنىڭ چاتقال كەنتىدە تۇغۇلغان . 1970 - يىلدىن 1980- يىلغىچە چاتقال كەنتىدە باشلانغۇچ ۋە تۇلۇق ئوتتۇا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن . 1980 - يىلى بېيجىڭ مەركىزى مىللەتلەر ئىنستوتى تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ ، 1984 - يىلى پۈتتۈرگەن . بۇيەردە ئوقۇغان دەرسلىرى : خەنزۇتىلى ۋە ئەدەبىياتى ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، چاغاتاي ئۇيغۇرتىلى ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ، چىن تارىخى ، روستىلى ... قاتارلىق دەرسلەردىن ئىبارەت بولغان .

1984 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمدە تەرجىمانلىق ۋەزىپىسگە تەيىن لەنگەن .

1987 - 1989 - يىللىرى نىڭشيا خۇيزۇ ئاۋتونوم رايونى ۋۇجۇڭ شەھىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ، چىن تارىخىدىن دەرس ئۆتكەن . بۇ جەرياندا سىياسەت ، ئەدەبىيات ۋە تارىخقا ئائىت نۇرغۇن كىتاب ۋە ماقالىلەرنى چىنچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان .

1989 - يىلى ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش ئۈچۈن ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكلىپى بىلەن تۈركىيەگە كەلدى .

1990 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمىدە پروفېسسور فىكرەت تۈركمەننىڭ يېتەكچىلىكىدە ھۆرلىقا - ھەمراجان قىسسىسى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقاتى بويىچە دىسسېرتاتسىيە ياقلاپ ماجىستىر بولدى .

1994 - يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ۋەتەنداشلىقىغا قوبۇل قىلدى .

1995 - يىلى « ئۇيغۇر خەلق ھېكايىلىرى ھەققىدە تەتقىقات » ناملىق تەتقىقات ماقالىسى بويىچە دىسسېرتاتسىيە ياقلاپ دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن . 1996 - يىلدىن بۇيان ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك دۇنياسى تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا مۇئاۋىن دوتسېنتلىق ئۇنۋانى بىلەن بىرتەرەپتىن ماجىستىر ۋە دوكتور ئاسپىرانتلىرىغا ئۆزبەك تىلى گىراماتىكىسى ، شەرقىي ئاسىيا تۈرك دۇنياسى تارىخى ، ئۇيغۇرتىلى گىراماتىكىسى قاتارلىق دەرىسلەرنى ئۆتۈپ ، يەنەبىر تەرەپتىن تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە .

1994 يىلدىن بۇيان نۇرغۇنلىغان خەلقئارالىق يىغىنلارغا قاتنىشىپ لېكسىيە ئوقۇغان.

مۇھىم ئەسەرلىرى :

يازغان ئەسەرلىرى :

1 . ئوسمانلى ۋە جۇمھۇرىيەت زامانىدا تۈرك ـ ئۇيغۇر مۇناسىۋىتى ( ماقالە ) ،

2 . چىن چىدىكى تۈركچە كلىنلەر توغرىسىدا ( ماقالە ) ،

3 . قۇتاتغۇ بىلىك بىلەن چىن مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ( ماقالە ) ،

4 . سىت نوچا داستانى ھەققىدە ( ماقالە ) ،

5 . ئۇيغۇر شائىرى تىيىپجان ئېلىيۇپ ( ماقالە ) ،

تەرجىمە ئەسەرلىرى :

1 . ماناس داستانى ، فىكرەت تۈركمەن بىلەن بىرگە قىرغىز چىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان .

2 . غەربتىن كەلگەن سېرىق ئۇيغۇرلار ( ئۇيغۇرچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان ) ( ماقالە ) ،

2 . ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ( ماقالە )

3 . ئۇغۇزنامىگە دائىر بەزى مەسىلىلەر ( ماقالە )

نۇزۇگۇم قىسسىسى ( ماقالە )

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يازغان ۋە تەرجىمە قىلغان 10 لارچە ماقالىلىرى بار .

بىز ئالىمجان ئىنايەتنىڭ بۇنىدىن كېيىنكى ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز .

# داۋۇد ھاجىم مەھمۇدى ۋاپات بولدى

سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى پىشقەدەم ئاقساقاللىرىمىزدىن داۋۇد ھاجىم مەھمۇدى كاشغەرى بويىل 4 - ئاينىڭ 20 كۈنى كىسەل سەۋىبى بىلەن 90 يېشىدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھرىدە ۋاپات بولۇپ ، مەككىدە دەپنى قىلىندى .

مەرھۇم داۋۇد ھاجىم ، 1910 - يىلى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئاتۇش شەھرى مەشھەد كەنت دە تۇغۇلغان . 1937 - يىلى ھەج قىلىش ئارزۇسى بىلەن ۋەتەنىدىن ئايرىلغان . ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ۋەتەنگە قايتىشقا مۇمكىن بولمىغاچقا سەئۇدى ئەرەبىستانىدا يەرلىشىپ قالغان ۋە تائىف شەھرىدە تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەلگەن .

مەرھۇم داۋۇد ھاجىم ۋەتەنىدىكى ۋاقتىدا مەشھۇر مائارىپچى ، ۋەتەنپەرۋەر شائىر مۇھەممەد ئەلى تەۋپىقنىڭ پائالىيەتلىرىگە يېقىندىن ياردەمدە بولغان بولۇپ ، سەئۇدى ئەرەبىستانغا كەلگەندىن كېيىنمۇ ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي مۇجادىلىمىزگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن .

مەھۇم داۋۇد ھاجىم ئائىلە تەربىيسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ، شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىككى ئوغلى پروفېسسورلۇق ، بەش ئوغلى دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا نائىل بولغان .

مەرھۇم داۋۇد ھاجىم ئىستانبۇلدىكى ئاقساقاللىرىمىزدىن مۇھەممەد سالىھ ھاجىم ئاكىنىڭ ئاكىسى ، ۋە پروفېسسور ، دوكتور ، ئالىم ۋە شائىر سۇلتان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئاتىسى ئىدى .

مەرھۇمغا ئاللاھتىن رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەپ ، ئائىلە تاۋابىئاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز .

*- تەھرىر بۆلۈمى*

## ئەبەيدۇللا ئەرتۈرك ۋاپات بولدى

2000 - يىلى 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئىستانبۇلدىكى ۋەتەنداشلىرىمىزدىن ئەبەيدۇللا ئەرتۈرك ۋاپات بولدى .

مەرھۇم 1918 - يىلى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئەرتۈرك ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . ئەۋۋەل قۇمۇلدا ، كېيىن ئۈرۈمچىدە دىنىي ، پەننىي مەكتەبلەردە ئوقۇغان . 40 - يىللاردا ئەرتۈرك ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى ، خەلق ۋەكىلى ، ئەرتۈرك ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان .

1950 - يىلى چەتئەلگە چىقىپ كېتىپ ، 1977 - يىلى تۈركىيەگە كېلىپ تۈرك ۋەتەندىشى بولغان .

ئەبەيدۇللا ئەرتۈرك ، 1994 - يىلى ئۆزىنىڭ ھايات ئەسلىمىسى بولغان " ئىرادە ۋە تەقدىر " " شىڭشىسەي شىنجاڭغا قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلدى ؟ " قاتارلىق كىتابلىرىنى نەشر قىلدۇرغان ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋەقپى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ ، ۋەقپىگە مەلۇم مىقداردا ماددىي ياردەمدە بولغان .

مەرھۇمغا ئاللاھ رەھمەت قىلغاي .

— تەھرىر بۆلۈمى

# قايغۇلۇق ئەسلىمە

ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە بۈگۈن توپتوغرا 51 يىل بولدى . بۇ ھادىسىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىركۈنمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى ۋە مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ . ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە بىللە ياشاپ كەلدى ۋە مەڭگۈ بىللە ياشايدۇ . بىز بۈگۈن مەرھۇمنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىمىز .

خىتاي كوممۇنىستلىرىغا غەزەپ ـ نەپرەت بىلدۈرۈپ ، ئۇلارغا ئاللا ھتىن مەغلۇبىيەن ۋە ھالاكەت ، بىز شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە غەلىبە ، نۇسرەت ۋە مۇستەقىللىق تىلەيمىز !

ـ تەھرىر بۆلۈمى

Muzaffer ÖZDAĞ

# TÜRK DÜNYASI VE DOĞU TÜRKİSTAN JEOPOLİTİĞİ ÜZERİNE




DOĞU TÜRKİSTAN VAKFI YAYINLARI

Yayın No: 7 2000 - İSTANBUL